نەمەت ناسىر



# سۆيگۈ يۇلتۇزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

نەمەت ناسىر

# سۆيگۈ يۇلتۇزى

( شېئىرلار )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : بارنجان زەپەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : پەرھات ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى : خەيرىنىسا ئاسىم

# سۆيگۈ يۇلتۇزى

ئاپتورى : نەمەت ناسىر

( شېئىرلار )

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 ...
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلد...
ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092 × 787 مىللىمېتىر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 4.25 قىستۇرما ۋارىقى : 2
1998 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1 ــــ 3000
ISBN7—228—04591—2/I • 1710
باھاسى : 7.50 يۈەن

# مۇھەررىردىن

نەمەت ناسىر 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ، ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1966 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، 7995 ــ قىسىم (مىللىي تۈمەن) دا كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى بولغان. كېيىن دالا ئارمىيە 8 ـ دېۋىزىيىسىدە پەيجاڭ، مۇئاۋىن ليەنجاڭ، ليەنجاڭ، تۈمەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك، كېيىن مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك كادىرى بولغان. 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن بۇيان قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

نەمەت ناسىرنىڭ ئىجادىيىتى 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا باشلانغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ يازغان شېئىر، داستان، باللادا، ھېكايە، نەسىر، رۇبائىيلىرى ۋە بىر قىسىم ئەدەبىي ئوبزور، ئىلمىي ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەتبۇئاتلاردا كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «چېگرا يۇلتۇزلىرى»، «يېڭى رۇبائىيلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سۆيگۈ تۇغقان خىياللار» (شېئىرلار

ئۇنىڭ . قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن ( ...وپلىمى

- 4 ...بائىيلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن

« سادا » ، « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » غا ...تىملىق

خانتەڭرى » قېتىملىق 6 - ...املىق چاتما شېئىرى

...دەبىيات مۇكاپاتى » غا ئېرىشتى .

نەمەت ناسىر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ...زاسى .

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان بىر قىسىم ...ئىر ۋە رۇبائىيلىرى كىرگۈزۈلدى .

# مۇندەرىجە

يېڭى يىلغا مۇبارەك ........................................ 1
قەسەم ........................................ 2
كەلدى ھېيت ـ بايرام بۈگۈن ........................................ 4
ھېيت شادلىقى ........................................ 5
پارلاق نىشانغا ئىلگىرىلەيلى تېز ........................................ 7
قوي ئۆزۈڭگە چىڭ تەلەپ ........................................ 9
قىزىلگۈل ۋە كوچا چىرىغى ........................................ 11
ئۇلۇغ ئارمىيەم ........................................ 14
چېگرا جەڭچىسى ........................................ 16
چېگرىدىن خەت ........................................ 18
باھار كەلدى ........................................ 23
يېڭى خىسلەت ........................................ 24
سۆيىمەن سىنى ........................................ 26
گۈللىگىن گۈلدەك كۈلۈپ ........................................ 27
بوۋام ئىزىدىن ........................................ 29
بىر بۇرادىرىمگە ........................................ 31
ئارمان ........................................ 33
باغۋەن بولساڭ ........................................ 34
مۇساۋىيات تەرەپپىنلەر ........................................ 37
ئۆچمەس يۇلتۇز ........................................ 39
قاراۋۇللۇق تەسراتلىرى ........................................ 42

ئازغان ئوغۇلغا ........................................45
ئانا مېھرى ........................................47
ھۆسنىخەت ........................................48
گۈل ۋە شەبنەم ........................................49
گۈلخۇمارغا ........................................50
ئەقىل ئۇچقۇنلىرى ........................................51
كۆزەت سەيلىسى ........................................53
پۇشايمان ........................................55
باھار لىرىكىلىرى ........................................57
تەشەككۈر ........................................62
يېڭى يىل كۈنى ........................................64
يۇرتۇم ........................................66
ئارچا يېنىدا ........................................68
ئۇرما ناخشىسى ........................................70
كۆلەڭگە ........................................72
ئاي بىلەن سۆھبەت ........................................73
ۋەتىنىم بولسۇن ئاۋات ........................................75
پەرق ........................................76
ئەلگە ئۈمىد بېغىشلار باھار ........................................78
ئۈمىد بىلەن ياشنايدۇ ھايات ........................................80
مۇقام ........................................82
گۈزەللىك ئۈچۈن ........................................83
نورۇز كۈيلىرى ........................................84
ئىدىقلىما مېنى دوست بولساڭ ........................................86
تۆت يىگىتنىڭ سۆھبىتى ........................................88
پاكلىققا مەدھىيە ........................................91

رۇبائىيلار ۋە تۆتلىكلەر ......................................93
سادا ......................................................119
پارچىلار ..................................................128

## يېڭى يىلغا مۇبارەك

يېڭى يىلغا مۇبارەك ،
دېدۇق ئۇتلۇق دىللاردىن .
ئەۋزەل كۆرۈپ بۇ يىلنى ،
ئۆتكەن قانچە يىللاردىن .

روشەن بولدى ئارزۇمىز ،
يىللار خالى « ھەرىكەت » تىن .
ھەممە سەپتە تىنچ - ئىناق ،
بەھىر ئالدۇق بەرىكەتتىن .

ئىشلىگەنلەر چىشلىگەچ ،
ئەلگە تەگدى كۆپلەپ نەپ .
ئەلمىساقتىن شۇڭغىچە ،
كىمگە ياققان قۇرۇق گەپ .

بۇ دەۋردىن سۆيۈنۈپ ،
چىن يۈرەكتىن شادلاندۇق .
ئىلھاملىنىپ ئىقبالدىن ،
جەڭگە يەنە ئاتلاندۇق .

1981 - يىل 1 - يانۋار ، ساۋەن .

## قەسەم

— بىر يىگى جەڭچى خاتىرىسىدىن .

بولۇپ جەڭچىسى غالىب قوشۇننىڭ ،
ئاشتى ئەمەلگە ئارزۇ - تىلىكىم .
قولۇمغا ئېلىپ پولات قورالنى ،
ئۇردى شادلىقتىن ئوتلۇق يۈرىكىم .

ۋەتەننى قوغداش يۈكسەك ئارمىنى ،
ئۆزۈندىن بۇيان مەۋجۇت قەلبىمدە .
دەۋرىم ياراتتى ماڭا كەڭ پۇرسەت ،
يۈرەكتىن ئۇرغۇپ ، يازدىم قەسىدە .

باغلىدىم بەلنى ئەجدادلار ئوخشاش ،
ئېلىم كانىدىن دۈرلار قېزىشقا .
خەلق بەختى بىناسى ئۈچۈن ،
ئۆلگە يارىتىپ خىشلار تىزىشقا .

ئېسىمدە مېنىڭ ، ۋەتەن تۇپرىقى ،
كىندىك قېنىمنى سىڭىرىپ ئالغان .
ۋەتەن مېھرىدە ئۆسكەن ئوغلانمەن ،
شۇڭا ۋەتەنچۈن كۆكرىكىم قالقان .

ئىرادەم قەتئىي ئىگىلەپ بىلىم ،
پارلاق نىشانغا قاراپ ئۇچىمەن .
بارچە مۇشكۈلنى يېرىپ ، يىمىرىپ ،
قىلغان ئىشىمدىن زەپەر قۇچىمەن .

1983 - يىل 12 - نويابىر ، ئۈرۈمچى .

## كەلدى ھېيت ـ بايرام بۈگۈن

شاد ـ خوراملىق ئېلىمىزدە كەلدى ھېيت ـ ئايەم بۈگۈن ،
بارچە مىللەت خۇشاللىقتىن ئوينىدى بايرام بۈگۈن .

تاشتى دىلنىڭ شادلىقى ھەم ئېلى ، تارىم سۈيىدەك ،
ياڭرىغاچ ناغرا سۇناي ساز ، مەرغۇلى مۇقام بۈگۈن .

گۈللىدى ئارزۇ بېغى ، بولغاچقا يۇرت باھار چېغى ،
بولدى ھېيتنىڭ لەززىتىدىن ئېقىر غۇل قاينام بۈگۈن .

يېڭى دەۋر بەخش ئەتكەچ خەلقىمگە باياشادلىق ،
ياڭراتتى قەدىم يۇرتتا شوخ سازىن ئاۋام بۈگۈن .

ئىتتىپاقلىق ، ئۆم ـ ئىناقلىق دىلبىرى باققاچ خۇشال ،
سۇندى شەربەت جامنى بۇغدا ھەم سايرام بۈگۈن .

مۇراد ـ مەقسەت بولغاچ ھاسىل دەۋر روھى سىياسەتتىن ،
قىزىتتۇق ھېيت ـ ئايەمنى جىمى جان شاد ـ
خۇرام بۈگۈن .

1991 ـ يىل .

# ھېيت شادلىقى

يىلدا بىر رەت كېلەر روزى ھېيت ،
كۆكۈللەرگە شادلىق بېغىشلاپ .
شۇڭا ھېيتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىن ،
تەرىپلەيمىز يېنىش ـ يېنىشلاپ .

« ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن !؟ »
بۇ سۆز ئورتاق بولار تىللارغا ،
قول قىسىشىپ كۆرۈشسەك ئىللىق ،
ئوتلۇق سېزىم تارار دىللارغا .

ئەنە قاراڭ ، شەھەر ـ يېزىغا ،
ھېيت پەيزىگە چۆمگەن ھەممە يەر .
كۆكتە ياڭراپ سۇناي ئاۋازى ،
ھېيت بەزمىسى قىزار نەقەدەر .

چېھرىلەردىن پۇتمەس كۈلكىلەر ،
ھېيتلاش دىلغا خۇشاللىق بېرىپ .
خەلقىمىزنىڭ ئىناقلىقىنى ،
سورۇنلاردا نامايان قىلىپ .

قايسى ئۆيگە كىرسىڭىز ئوخشاش ،
ھېيت نېمىتى تۇرار ھەر ياڭزا .

دىققىتىنى تارتىدۇ مېھمانىنىڭ ،
ئوتتۇرىغا تىزىلغان ساگزا .

داستىخانلار ئاۋات ، مولچىلىق .
مېھمانلارغا سېلىنغان كەگرى .
قايىل بولۇپ ئىشچان ئەلگە ھەم ،
ياغدۇرۇپتۇ بەرىكىتىن تەگرى .

دىل قەسرىگە سىغمىغان دېمەك ،
خەلقىمىزنىڭ ھېيت شادلىقى .
دەۋرىمىزدىن تېپىپ كاپالەت ،
كۆلگەچ ئەلنىڭ بەخت ئىقبالى .

ئىشىنىمىز مۇشۇنداق ھېيتلار ،
داۋاملىشار كۆندە بۇ يەردە .
رىزقىمىزغا بېرىپ كاپالەت ،
تىنچ - ئىناقلىق بولسىلا ئەلدە .

1992 - يىل

## پارلاق نىشانغا ئىلگىرىلەيلى تېز

ۋەتىنىم قوينى تولدى گۈللەرگە ،
سېخىي قۇياشنىڭ ئىللىق مېھرىدىن .
چېچىلدى ھەريان خۇشپۇراق ھىدلەر ،
چوغدەك ئېچىلغان گۈللەر لېۋىدىن .

ئۇلۇغ پارتىيەم قۇياشتىن نۇرلۇق ،
ئىسلاھات يولىنى تاللىدى ئادىل .
ئەكس ئەتتۈرۈپ دەۋر روھىنى ،
ئۇلۇغۋار پىلان تۈزدى دادىل .

دەۋر روھىدىن كۈچ ئېلىپ شۇڭا ،
يايرىدى كۆڭۈل سۆيۈنۈپ تاتلىق .
قانات چىقاردى بۈيۈك ئارزۇلار ،
ئېشىپ بارماقتا دىللاردا شادلىق .

باشلىدۇق چېلىش يېڭى روھ بىلەن ،
ھەممە بىر دىلدا يەڭلەرنى تۈرۈپ .
ئىدىيە ئازاد ، ئىرادە قەتئىي ،
تەرەققىياتنىڭ پىلانىن كۆرۈپ .

ئەۋجىگە چىقتى ئىسلاھات ئەنە ،
ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ ئېتەكلىرىدە .

شادلىق جىلۋىسى بولۇپ نامايان ،
ۋەتەن بېغىنىڭ چېچەكلىرىدە .

ئىسلاھات تۇغىنى كۆتۈرۈپ ئېگىز ،
پارلاق نىشانغا ماڭدۇق ئات سېلىپ .
يۈكسەك پەللىگە ئىلگىرىلەيلى تېز ،
قەدەمنى تېخىمۇ چوڭراق ئېلىپ .

1992 - يىل .

## قوي ئۆزۈڭگە چىك تەلەپ

بەلنى باغلا ئەل ئىشقىدا قازىنىشقا شان ـ شەرەپ ،
بارلىقىڭنى ئاتا ئەلگە يەتسۇن دىسەڭ خەلقىڭگە نەپ .

ئۇسسىغانغا سۇ بېرىپ ئۆت ، ئاچقىنىغا بۇردا نان ،
ئەمىلىڭ بالداقمۇ بالداق ئۆسكەنچە دوستۇم ھەسسىلەپ .

كۆرمىدىڭمۇ شۇل قومۇشنىڭ بورىيا بولغىنىنى ،
غورا قاقما ، كەلدى پۇرسەت بۇ جاھاندا « مەن » لا دەپ .

ھەر كىشىنىڭ دۈشمىنى دائىم ئۆزىدۇر بىل بۇنى ،
ئۆزگىلەرگە خۇش پېئىل بول ، تاشنى يارغاي ياخشى گەپ .

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك قەدرىگە يەتكىن ئۇنىڭ ،
شۇندىلا تۇرغۇزغۇسى خەلقىم سېنى مەزمۇت يۆلەپ .

بۇ جاھان شۇنداق جاھان كۆپ خەتەر دوقمۇشلىرى ،
توغرا تاللا ئۆز يولۇڭنى يۇرمە ھەرگىز تەمتىرەپ .

بىل شۇنى مۇتلەق ئەمەس ساڭا كەلگەن قۇت ـ بەخت ،
سەجدىگاھ بولسۇن ھامان مېھرى قۇتلۇق ئەل تەرەپ .

مېھنىتىڭ ئەجرىڭ بىلەن راسلىساڭ خەلقىڭگە گۈل ،
كۆتۈرەر باشقا ئېلىپ ، ئىش ـ ئىزىڭنى تەرىپلەپ .

قىممىتىڭنى ئۆلچە ئەلنىڭ پىكرىيۇ - باھايىدىن .
چالا ئالماي ھەر قەدەمنى قوي ئۆزۈڭگە چىڭ تەلەپ .

1994 - يىل مارت ، قۇمۇل .

# قىزىلگۈل ۋە كوچا چىرىغى

( مەسەل )

بار ئىدى كوچىنىڭ ئوتتۇرىدا گۈللۈك ،
قىزىل گۈل پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى .
بار ئىدى يېنىدا كوچا چىرىغى ،
چوڭ يولغا نۇرلىرى چېچىلىپ تۇراتتى .

كەچقۇرۇن ئادەملەر گۈللۈككە كېلىپ ،
قىزىلگۈل ھۆسنىنى قىلدى تاماشا .
ھەممەيلەن سەل كەبى ئاققاچ گۈللۈككە ،
چىراغنىڭ ئەتراپى تۇرار كەڭ تاشا .

خۇدىنى يوقىتىپ قىزىلگۈل شۇئان ،
سۆزلىدى چىراغقا ماختىنىپ تازا .
قارىسام بوينۇڭنى قىسىپ تۇرۇپسەن ،
سەنمۇ كەل ھۆسنۈمنى قىلغۇال تاماشا .

رەھمىتىن بىلدۈرۈپ كوچا چىرىغى ،
« تاماشا ، سەيلىگە مەيلىم يوق ! » دېدى .
« مېنىڭمۇ رولىم بار تۇرغان ئورنۇمدا ،
مەسخىرە قىلىشقا ھەققىڭ يوق » دېدى .

« خۇشۇم يوق دېدىڭمۇ ئەي نادان چىراغ » ،
( قىزىلگۈل مەنىستىمەي كۈلدى قاقاھلاپ . )
« تاماشا قىلىشقا لايىقمىدىڭ سەن ؟ »
چىراغنى سوتىلدى سوئال - سوراقلاپ .

ئۆزگىچە گۈزەللىك بولمىغاچ سەندە ،
زوۋانىڭ تۇتۇقتۇر ئالدىمدا مېنىڭ .
كىشىلەر زوقلىنىپ باقماقتا ماڭا ،
بۇ پاكىت تۇرۇپتۇ ئالدىڭدا سېنىڭ . »

« خۇش پۇراق ، رەڭگىروي - جامال دېگەنلەر ،
ۋاقىتلىق نەرسە ئۇ بارماس ئۇزاققا ،
مۇھىمى بىر ئۆمۈر ئەلگە نەپ بېرىش ،
قۇرۇق گەپ ھېچقانچە ياقماس قۇلاققا . »

قىزىلگۈل خاپا بوپ چىراغتىن شۇئان ،
شامالدا سىلكىنىپ ئۇردى يۈزىنى .
ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزدى شۇنداق ،
تاماشا ئىچىدە ماختاپ ئۆزىنى .

كۈن ئۆتتى ، ئاي ئۆتتى ، كەلدى كۈز پەسلى ،
قىزىلگۈل ھۆسنىنى يوقاتتى شۇ چاغ .
تۆكۈلدى گۈلى ھەم يوپۇرماقلىرى ،
نە كەتتى جامالى ؟ تۇرار قۇرۇق شاخ .

ۋە لېكىن تۇراتتى كوچا چىرىغى،
ھەر ئاخشام چوڭ يولغا نۇرىنى چېچىپ.
ماگاتتى كىشىلەر تۇندە تەمتىرىمەي،
چىراغنىڭ نۇرىدا يولىنى تېپىپ.

1993 - يىل ئۆكتەبىر، قۇمۇل.

## ئۇلۇغ ئارمىيەم

ئەي ئۇلۇغ ئارمىيەم قەلب بىغىمدىن ،
گۈل تىزدىم تەبرىكلەپ قۇتلۇق تويۇڭغا .
سەن بۇيۇك ئىلىمنىڭ پولات قورغىنى ،
قوبۇل قىل گاڭ قورال تۇتقان قولۇڭغا .

جەڭ قىلدىڭ بىر ئۆمۈر قان - تەرىڭ تۆكۈپ ،
ئېزىلگەن خەلقىمنىڭ بەختىنى كۆزلەپ .
ئاغدۇرۇپ ئۈچ تاغنى خەلقىم بېشىدىن ،
گۇم قىلدىڭ ئىستىبدات تەختىنى تۈزلەپ .

ۋەتەنگە دىلىڭدىن ئۇرغۇپ مۇھەببەت ،
دۇشمەنگە ۋولقاندەك يانغاچ نەپرىتىڭ .
جەڭگاھتا شان - زەپەر ، غەلىبىلەر قۇچۇپ ،
جاھانغا نامايان بولدى قۇدرىتىڭ .

جەڭلەردە باتۇر ھەم قەيسەرلىك بىلەن ،
يۇرۇشتە يۈز ئۆرىگەن ياۋنى مات قىلدىڭ .
تارىخنىڭ بېتىگە يېڭى قۇر تىزىپ ،
سېنىڭدىن سۆيۈنگەن ئەلنى شاد قىلدىڭ .

پارتىيەم مەنزىلدە يولباشچى بولۇپ ،
يېتەكلەپ ماڭغاچقا سېنى پەللىگە .

ۋەتەننى گۈللەشتە قوشقان تۆھپەڭدىن ،
ئىلھاملار ئاتىدىك خەلقىم قەلبىگە .

خەلقىنىڭ پەرزەنتى ئۇلۇغ ئارمىيەم ،
تۈگىمەس كۈيىمىز شەنىڭچۈن ئېيتساق .
تەرىپىڭ تىللاردا داستان بولماقتا ،
پۈتمەيدۇ بىر ئۆمۈر قوشاقتا قاتساق .

1979 - يىل 4 - سېنتەبىر ، شىخو .

## چىگرا جەڭچىسى

چىگرا جەڭچىسى تۇرماقتا ھوشيار ،
قامىتى ئەينى پىشىل قارىغايدەك .
تۇرىدۇ مەزمۇت بوران - چاپقۇندا ،
قەلبىدە ئۆچمەس يالقۇن يانغاندەك .

چىگرا جەڭچىسى تۇرىدۇ پوستا ،
گالڭ قورالنى مۇستەھكەم تۇتۇپ .
ۋەتەنگە چەكسىز باغلاپ ئىشتىياق ،
گۈزەل دەۋرنىڭ پەرۋانى بولۇپ .

چىگرا جەڭچىسىنىڭ يۈكسەك ئارزۇيى ،
خۇش خۇي يۈزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرار .
ئەلگە ئاتىغاچ پۈتۈن قەلبىنى
ياۋغا نەپرىتى يالقۇنجاپ تۇرار .

چىگرا جەڭچىسى ھوشيار ھەر ۋاقىت ،
خۇددى بۈركۈتتەك قونغان چوققىغا .
قار لەيلىسىنىڭ تەسۋىرى تولغان ،
ئۇنىڭ جەسۇران مەزمۇت تۇرقىغا .

ئىستىكى ئۇنىڭ ئەزىم چىگرانى ،
ياۋنىڭ قەستىدىن مەڭگۈگە قوغداش .

چېقىلسا ئەگەر تەلۋىلەر شۇدەم،
بېرىپ جاجىسىنى، بۇرچىنى ئاقلاش.

1980 - يىل فېۋرال.

## چېگرىدىن خەت

ۋەتەن ئانامسەن
مەڭگۈگە ئەبەد .
شۇڭا دىلىمدىن
بولدۇم ساداقەت .
ئوغلانىڭ بولغاچ
ئاقلاپ بۇرچۇمنى ،
ئەزىم چېگرىدىن
يازدىم سالام خەت .
سانسىز كېچىلەر
كىرپىك قاقماستىن ،
كۆزەتكە سالدىم
ئۆتكۈر كۆزۈمنى .
قارغا ئىز سېلىپ
ماڭسام دالىدا
باھار شامىلى
سۆيدى يۈزۈمنى .
ۋەتەننى قوغداپ
ئۆتكەن ھەر كېچە ،
بەختلىك سەزدىم
شۇنچە ئۆزۈمنى .
ۋۇجۇدۇم تاشتى ،
تاغلاردىن ئاشتى

شەكسىز ئاقلاشقا
ۋەدە سۆزۈمنى .
كۆڭگە تەڭ قىلدىم
تالاي يىللارنى ،
قەلبىمدە بولغاچ
ۋەتەنگە غۇرۇر .
تاغۇ - دەشتلەر
گەجگىدە تۇردۇم ،
شۇنچىلىك مەزمۇت ،
شۇنچىلىك مەغرۇر .
ئاق قار چىچىكى
قونۇپ بېشىمغا
ياساندۇرغاندا
ئاجايىپ پۈزۈر .
تەبرىكلىدى ئاي
قىلچە ئايىماي ،
تۆكتى ئۈستۈمگە
ئالتۇن شولا نۇر .
ئەزىم چىگرىنى ،
چارلىسام ھەر چاغ ،
مېھرىم باغلاندى
كەڭ دالا تۈزگە .
چۈنكى ۋەتەننىڭ
ھەر تاش - گىياھى
چىمدىم تۇپرىقى

تۇتىيا كۆزگە.
خۇددى چوغلۇقتەك
لالىرەڭ ئالغان،
ھەر توپ گىياھنىڭ
ئالتۇن ياپرىقى.
دىلدا ئۇرغۇدى
خۇددى بۇلاقتەك،
ھەر بىر يۈرەكنىڭ
ئاڭا ئامرىقى.
ۋەتىنىم قويىنى
ئەينى بىر دېڭىز.
بەھۇزۇر ئۈزگەن
سانسىز يەلكەنلەر.
ئىلىم مەرىپەتتىن
ئۇلۇغ ھەرىكەتتىن
ئالغا باسماقتا
سەپنى تۈزگەنلەر.
باھار نۇرىدا
تاۋلىنىپ چوغدەك
خۇش پۇراق چاچار
رەڭمۇ رەڭ گۈللەر.
باغرى ئوتقاشتەك
ياسىنىپ گۈزەل
ئىشقىنى تارتقاچ
كۈلدى كۆكۈللەر.

تۇرماقتا ئەنە
كۆككە تاقىشىپ
سەپكە تىزغاندەك
زاۋۇت بىنالار.
ھەر بىر ئىشىنىڭ
بەرىكىتى كېلىپ
ھەريان تارقىدى
غەلىبە - سادالار.
تەڭكەش قىلىنىپ
باھار ۋەسلىگە
باغدا ياڭرىدى
بۇلبۇل ناۋاسى.
دىللارغا ئىلھام
تەنلەرگە دەرمان
بەردى ۋەتىنىڭ
سۆزۈك ھاۋاسى.
ئاياندۇر ماڭا
ۋەتەن تۇپرىقى
سومۇروپ ئالغان
كىندىك قېنىمنى.
ۋەتەندىن ئۆزگە
ئىشقىم باغلانسا
نېمە ھسابلاي
تىرىك جېنىمنى؟!
ئۇيقۇدىن يىراق

كۆزلىرىم ھەرۋاق .
خۇددى چولپاندەك
تۇرار پارقىراپ .
ۋەتەن ئىشقىدا
دولقۇنلار ياساپ
تومۇرۇمدا قان
ئاقار شۇرقىراپ .
شۇنداق مەزمۇنلۇق
شۇنداق كۆركۈللۈك
شۇنداق شادلىقتا
ئۆتىدۇ كۈنۈم .
ۋەتىنىم ساڭا
تەقدىم بارلىقىم
تەقدىم ئەبەدكە
بارلىق ئۆمرۈم .

1981 - يىل يانۋار .

# باهار كەلدى

باھار كەلدى ، كۈلۈپ كەلدى ،
يېشىل كىمخاب كىيىپ كەلدى .
بەخت بېغىدىكى گۈللەر ،
خۇش پۇراق چېچىپ كەلدى .

باھار ئىشقىدا بۇلبۇللار ،
خۇشال ناخشا ئېيتىپ كەلدى .
كۆكگۈللەرنى قىلىپ مەپتۇن ،
يېڭىش سازىن چېلىپ كەلدى .

گۈزەل كۆكلەم باھار كەلدى ،
يېڭى دەۋران ئېلىپ كەلدى .
چېلىش قوينىدا ئۆرلەشكە ،
مادار - دەرمان بېرىپ كەلدى .

بولۇپ خۇشتار باھارىمدىن ،
يايرايمەن سەھەر - تاڭدا .
قوغدايمەن جېنىم بىلەن ،
ئۇلۇغ ئەلنى تۇرۇپ گاڭدا .

1981 - يىل 21 - مارت

## يېڭى خىسلەت

قىستا ـ قىستاڭ بازاردا دەسسەلگەچ پۇتۇم ،
ئاچچىقىمدا ھومايدىم ئارقامغا قاراپ .
« ئەپۇ قىلىڭ ! » دېگەننى ئاڭلىماق ھامان ،
كەتتى مەندىن خاپىلىق نەگىدۇ تاراپ .

مەندىن كەچۈرۈم سورىغان بىر ياش يىگىتكەن ،
چىراينى خىجىللىق چۇلغىغان شۇئان .
« ئەدەپسىزلىك قىپ قويدۇم،كەچۈرۈڭ ! » دېگەچ ،
قولىنى بېرىپ ئۇ يىگىت كەلدى مەن تامان .

تەسىر قىلغاچ يىگىتنىڭ ئەدەپلىك خۇلقى ،
ھېچ ۋەقەسى يوق ، دەپلا ماڭدىم يولۇمغا .
ئۇي كەپتىرىم پەرۋاز قىپ بەش يىل ئىلگىرىكى
بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى سالدى يادىمغا :

كۆرۈنمەك بوپ بارغانتىم دوختۇرخانىغا ،
نومۇر ئېلىشقا تۇرغانتىم ئۆچىرەت ئىچىدە .
بىر ياش كېلىپ سوقۇۋەتتى مۈرىسى بىلەن ،
چىقىرىلدىم دەلدەڭشىپ توپنىڭ چېتىگە .

كاززاپ كېسەل قويمىغاچقا تېنىمدە ماغدۇر ،
ئۇسسۇۋېلىپ تامغا شۇئان ئايلاندى بېشىم .

يېتىپ قالدىم تام تۈۋىدە تولغىنىپ ئۆزۈن ،
ئاغرىغاچقا زىخ سانچىغاندەك ئىچى ۋە تېشىم .

دېدى بىرى ئۆنىڭغا : قانداق نېمىسەن ؟
كۆرمىدىڭمۇ ئالدىڭدىكى كېسەل كىشىنى .
ئىنتىرىۋېتىپ تەپ تارتماستىن تۆرىسەن يەنە ،
ماڭە بېرىپ يۆلىگىن ئۆنىڭ بېشىنى .

ھېلى بىكار كۆرسىتىمەن كۆرگۈلۈكىڭنى
دېدى ، يىگىت ئىككى تاشنى ئېلىپ قولىغا .
نېمە كارىم دېگەندەك قىپ زەردىسى بىلەن ،
پىسەنت قىلماي كېتىۋەردى ماڭغان يولىغا .

ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ سەپنىڭ ئىچىدە ،
نەخ مەيدانىنىڭ ئۆزىدە قوزغالدى نەپرەت .
ھەممە بىردەك غەزەپلەنگەچ يامان ئىللەتكە ،
شۇ يىگىتنىڭ خىسلىتىگە ياغدى مىڭ لەنەت .

لېكىن كۆردۈم بۇگۈن مەن باشقىچە ياشنى ،
زامان ئاڭا بېرىپتۇ يېڭىچە خىسلەت .
كىچىك پېئىل ، كەمتەرلىك ، ئالىيجانابلىق ،
ئۇرغۇپ تۇرار قەلبىدە ئېسىل پەزىلەت .

1981 - يىل 1 - ماي ، شىخو .

## سۆيىمەن سېنى

ئەي گېزىت ھەر كۈنى گۈزەل يۈزۈڭنى
كۆرسىتىپ چولپاندەك باقىسەن ماڭا.
بېتىڭدە ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
زوق بىلەن بېرىلىپ قارايمەن ساڭا.

ئالغاندا قىزىقىپ قولۇمغا سېنى،
مېھرىمنى تارتىدۇ كۆركەم بەتلىرىڭ.
ئوقۇسام ھەر قۇرنى خۇددى چىراغتەك،
دىلىمنى يورۇتار زۇمرەت خەتلىرىڭ.

جاھاندىن، زاماندىن، ئىلىم - ئىرپاندىن،
ھەر كۈنى بېرىسەن ماڭا كۆپ ساۋاق.
ئەل - يۇرتنىڭ كۆزىسەن، ئېغىز - تىلىسەن
شۇڭلاشقا سېنىڭدىن ئايرىلاي قانداق؟

خىسلىتىڭ سۆزلەشتۇر ھەق - ئادالەتنى،
شۇڭلاشقا زېرىكمەي كۆرىمەن سېنى.
بەرگەچسەن دىلىمغا بېھساب بىلىم،
مەكتەپ دەپ بىلىمەن، سۆيىمەن سېنى.

1982 - يىل ئىيۇل.

## گۈللىگەن گۈلدەك كۆلۈپ

ئەي قۇمۇل ھۆسنۈڭگە باقسام چەكتى دىلنى ئىشتىياق،
ھەممە ياقىڭ گۈل چىمەن كۆرۈندى كۆزگە نۇر چىراغ.

تاغۇ - چۆل ھەم باغلىرىڭ گۈللەپتۇ شۇنچە تەڭ تۇتاش،
ئۆركەش ياساپ ئاققاچقا كۆكيار①كەڭ ئېتىز ئارا ئويناق.

نازۇ نېمەتلىك باغلىرىڭ ھەم تەڭ ئىكەنۇ - بېھىشكە،
ئالما - ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈمى ... ھەممىسى ناۋات شۇنداق.

ئالەمگە داڭلىق قوغۇنىڭنىڭ تەمىدىن ھەسەلمۇ لال،
ھەر چۆنەككە شېكەر - شەربەت قۇيغانمىكىن ئويمان بۇلاق②.

بېھىساب چارۋا مىلىڭ مىسالىدۇر ئاپئاق بۇلۇت،
گۈل چىچەككە پۈركىنىپتۇ كەڭرى كەتكەن گۈزەل يايلاق.

ھەر تەرەپتىن كۆكنى قۇچار قىز - يىگىتلەر ناخشىسى،
تەر تۆكۈپ ئالغان ھوسۇلدىن خامىنىڭغا ياساپتۇ تاغ.

تىنچ - ئىناق خۇشال ھاياتىنىڭ بەرىكىتىنى كۆرسىتىپ،
تىزىلغانكەن ھەر ئۆيگە كىرسە داستىخىنىڭدا سۈت - قايماق.

① كۆكيار — قۇمۇل قىزىل يۇلتۇز 2 - دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ [...]ىدىن سۇ باشلاپ چۈشكەن ئۆستەڭ.
② ئويمان بۇلاق — قەدىمىي يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان سۇمقاغىدىكى بۇلاق بولۇپ، سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى ۋە سوغاقلىقى بىلەن مەشھۇر.

بارىكاللا ئىپتىشاركەن قېرى - ياش ھەم ئەر - ئايال ،
كۆنـدە بـولـغـاچ قازان - قۇمۇچ ، چىنە - چەينەك ، چۆمۈچى ياغ .

ئەي قۇمۇل تىل تەگمىسۇن ھۆسنى جامالىڭغا سېنىڭ ،
گۈللىگىن گۈلدەك كۈلۈپ ئانا دىيار ئالتۇن تۇپراق .

# بوۋام ئىزىدىن

تىنمايدۇ باغ ئارا ئارىلاپ بوۋام ،
سەكسەندىن ھالقىغان بولسىمۇ يېشى .
ھەر گىياھ ، كۆچەتكە قىلىدۇ پەرۋىش ،
كۈندۈلۈك ئادىتى ئۇنىڭ بۇ ئىشى .

شادلىقى بوۋامنىڭ پاتماس قەلبىگە ،
ھەر كۆچەت يېتىلىپ كىرسە مېۋىگە .
پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭدار چېچەكتىن
كۈچ - قۇۋۋەت ئالىدۇ ھارغىن تېنىگە .

دېسەممەن : دەم ئېلىڭ بوۋا ئەمدى سىز ،
خىزمەتكە تەييار دۇر نەۋرە - چەۋرىڭىز .
سىز ئەككەن شۇ باغنىڭ چىنارى ئوخشاش ،
بىر ئۆمۈر نەمۇنە مېھنەت - ئەجرىڭىز .

قېرىدىڭ دەپ تونىمىغىن بالام سەن مېنى ،
چىڭ مېنىڭ ئىرادەم ئىشلەشكە تېخى .
قانداقچە ياتايمەن ياستۇقنى قىرلاپ ،
قاراپ باق كەلمەكتە ئىشلەشنىڭ چېغى .

ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك ،
ئەۋلادلار ئالدىدا قالدۇرۇپ ئۆلگە .

مېھنەتتىن ئېچىلار ھايات چېچىكى ،
بۇ داۋلى ئاياندۇر بىلسەڭ ھەممىگە.

كۈچ بەردى قەلبىمگە بوۋامنىڭ سۆزى ،
ئايىنتىپ بارىمەن مەنمۇ گۈلباغنى .
ئۆرلەيمەن سەپەردە بوۋام ئىزىدىن ،
پەرھاتتەك يېرىپ مەن تۇسقۇننى ، تاغنى .

1983 ـ يىل ماي ، شىخو .

## بىر بوۋادىرىمگە

بوۋادەر ئىبرىشسەك شەرەپ ، ئەمەلگە ،
مەغرۇرلۇق كىبىرنى دىلغا يار ئەتمە .
ئاش يېگەن تاۋاقنى سەن ئوروپ تاشقا
ئاش بەرگەن كىشىنى يولدا خار ئەتمە .

قانائەت شارابى مەست قىلسا سېنى ،
ئەخمەقتەك « ھەممىنى بىلىمەن » دېمە
قويغاندا ئالدىڭغا ئەجرىسىز مېۋە ،
نەپسىڭگە چوغ تارتىپ پۇۋلىمەي يېمە .

باشلىقنى كۆرگەندە سۆيۈپ پۇتىنى ،
تەخسكەش سىپىگە چېتىلىپ كەتمە .
پۇقرانىڭ بېشىغا شىلتىپ قامچىنى
لويىلار سېپىگە قېتىلىپ كەتمە .

شان – ئۇتۇق قازانسا ئالدىڭدا بىراۋ ،
ئۇستاز تۇت ، ئۇنى سەن ، زىنھار كىم دېمە ،
« پۇقرادىن ئۆگەنسەم نېمە دەرخەقلەر »
دەپ ئويلاپ سەن يېتىم قالما ھەممەدە .

چوڭلارنى ھۆرمەت قىل ، كىچىكنى ئىززەت ،
بۇنى بىل ياخشى ئىش ، خۇشامەت دېمە .

ياخشىلار كۆرسەتسە ساڭا توغرا يول ،
قوبۇل قىل ھەرگىزمۇ « ئاداۋەت » دېمە .

پومپايسا قورسىقىڭ كۈنسېرى سېنىڭ ،
ياراشتى مەنسەپ دەپ كېرىلىپ كەتمە .
مەنسەپنىڭ تاختىسى نازۇك تارازا ،
جىمىڭ باسماي بىھۇدە سېرىلىپ كەتمە .

سەن ئادىل ئىش قىلغىن ئاقلاپ بۇرچۇڭنى ،
ھەق ئۈچۈن باش كەتسە ھەرگىز ۋاي دېمە .
زامانەم كۈتمەكتە سەندىن زور ئۈمىد ،
ئالغا باس ، ئۆزۈڭدىن قىلچە غەم يېمە .

1984 ـ يىل يانۋار ، ئۈرۈمچى .

## ئارمان

غىلتاڭ يولدا تۈردى ماشىنا ،
ماگالمىدى چاقى پىرقىراپ .
تۆكىۋېدى شوپۇر شېغىلنى ،
يۇرۇپ كەتتى شۇئان غارقىراپ .

ھەممە خەققە مەلۇم جىسىمدۇر ،
شېغىل دېگەن ئۇششاق ، ئۇششاق تاش .
ئارمان قالماس ئىدى دىلىمدا ،
رول ئوينىسام شېغىلغا ئوخشاش .

1984 ـ يىلى يانۋار ، ئۈرۈمچى .

## باغۋەن بولساڭ . . .

مەھەللىمىزدە ئىككى چوڭ باغ بار ،
بىرى ئۆرۈك ، بىرى شاپتۇلا .
ئىككى باغۋەن توغرىلىق تېخى ،
ئەل ئارىسىدا بەكمۇ گەپ تولا .

بۇ يىل باھار كەلدى زەپ بەلەن ،
ئۆرۈك شاپتۇل مول چېچەكلىدى .
باغۋەنلەرمۇ بەسلەشكەن چېغى ،
مېھرى بىلەن پەرۋىش ئەيلىدى .

ئۆرۈكلۈك باغ توختى بوۋاينىڭ ،
يېشى ئۇنىڭ ئاتمىشتىن ئاشقان .
شاپتۇللۇق باغ قاسىم ئاخۇننىڭ ،
يېشى ئەمدى قىرىققا بارغان .

ئىككى باغۋەن تەرنى تۆكۈپ ،
باغلىرىغا پەرۋىش قىلىشتى .
ئۆرۈك ، شاپتۇل ئۇخشىدى تازا ،
شاخلىرىغا تىرەك قويۇشتى .

ۋاقتى يېتىپ سارغايدى ئۆرۈك ،
ئۈزۈن ئۆتمەي مەي بولۇپ پىشتى .

قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلار ،
ھۇزۇرلىنىپ راسا يېيىشتى .

رەھمەت ئېيتتى توختى بوۋايغا ،
كەلگەن مېھمان قايتار چېغىدا .
ئاڭلاپ قالدى بۇ مە دھىيىنى ،
قاسىماخۇن تۇرۇپ بېغىدا .

قاسىماخۇن بولدى بىئارام ،
ماختىمىغاچ ئۇنى كىشىلەر .
ھەسەت ئوتى ئۆرتىدى دىلىنى ،
ئۇخلىمىدى نەچچە كېچىلەر .

ئاخىر ئۇ كېلىپ قارارغا ،
ئالدىراپلا چاقىردى مېھمان .
قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلار ،
بۇ ئىشىدىن قېلىشتى ھەيران .

قاسىم قويدى ئۇلار ئالدىغا ،
چوڭ‌ئىيىۋاتقان تۇكلۇك شاپتۇلا .
دېدى ھەمدە « ئېلىڭلار قېنى ،
خام بولسىمۇ ۋىتامىن تولا . »

كۇلۇپ كەتتى مېھمانلار بىردەك ،
دۇرۇس ئەمەس قاسىمنىڭ ئىشى .

هالال ئەمگەك ، سەممىيلىكتىن ،
ئېشىپ بارار ئىنسان ئىززىتى .

باغۇەن بولساڭ ئۈزمە خام شاپتۇل ،
ۋاقتى يېتىپ تولسۇن شەربەتكە .
شۇندا قويساڭ مېھمان ئالدىغا ،
ئېرىشىسەن ئاندىن ھۆرمەتكە .

1984 ـ يىل ماي ، ئۈرۈمچى .

## مۇساۋىيات تەرەپىنلەر

ئەخلاق پەزىلەت كىشى زىنىنتى ،
پەزىلەت بىلەن ئۆسەر ھۆرمىتى .
كىشى ئۆسەر ئابرويى بولسا ،
زىنىنتى ، ھۆرمىتى ، بولسا قىممىتى .

تېز كەل نىگار بەك سېغىندىم كۇتۇۋالاي ،
نىگار سېنىڭ يوللىرىڭغا ئىپار چاچاي .
بەك سېغىندىم يوللىرىڭغا قاراپ مەن ،
كۇتۇۋالاي ئىپار چاچاي مەن قۇچاق ئاچاي .

كادىر سەن ئىشىڭدا ھەر چاغ ئادىل بول ،
ئىشىڭدا خەلققە سەمىمىي پاك دىل بول .
ھەر چاغ سەمىمىي ئىشلىگىن ئەلگە ،
ئادىل بول ، پاك دىل بول ، ئەلگە ، ساپ دىل بول .

ئۆمۈردۇر چەكلىك بىلىمدۇر چەكسىز ،
چەكلىك ھاياتىڭ ئىشەنگىن شەكسىز .
بىلىمدۇر ئىشەنگىن نادانغا ھەر چاغ ،
چەكسىز ، شەكسىز ، ھەر چاغ ، رەھىمسىز .

ۋاقتىنىڭ قىممىتى ئالتۇندىن ئەلا ،
قىممىتى بېرىدۇ بىباھا مەنا .

ئالتۇندىن بىباھا شۇڭا دەپتىكەن
ئەلا ، مەنا دەپتىكەن ، دانا .

بىھۇدە ماختاشتىن قاچۇر ئۆزۈڭنى
ماختاشتىن باشلىما ھەرگىز سۆزۈڭنى
قاچۇر ھەرگىز بولمىسا تۆكىندۇ
ئۆزۈڭنى سۆزۈڭنى تۆكىندۇ ، يۈزۈڭنى .

جەڭچىمەن ۋەتەنچۈن پىدا جېنىم ،
ۋەتەنچۈن قالغاندۇر شۇڭا تېنىم .
پىدا شۇڭا دېمەن ۋەتەنگە ،
جېنىم ، تېنىم ، ۋەتەنگە قېنىم .

1983 ـ يىل دېكابىر ، ئۈرۈمچى .

## ئۆچمەس يۇلتۇز

بارچە ئىقلىم چۈمگەن ئۇيقۇغا ،
شامال ئۇزەر جىرادا غۇر ـ غۇر .
خۇددى مەنلا ئويغاق دېگەندەك ،
كۆكتە چولپان چاقنايدۇ مەغرۇر .

تۇرار شۇندا پوستا مەرد جەڭچى
دىلىدا ئۇرغۇپ شادلىق ، ئىپتىخار ،
ۋەتەنگە كۆز بولغان شۇ پەيتتە ،
سېزەر ئۆزىنى شۇنچە بەختىيار .

سالار نەزەر يىراق ـ يېقىنغا ،
خەنجەر بىسلىق قىيادا تۇرۇپ .
دولقۇنلىنار ئوتلۇق يۈرىكى ،
ۋۇجۇدىدا ھېسلار قوزغىلىپ .

ئاڭا زوقمەن باقىدۇ شۇندا
گۈلگە چۆمگەن تۇمەن جىلغا ساي .
پەرزەنتىگە كۆيگەن ئانىدەك ،
كۈمۈش نۇرىنى تۆكەر تولۇنئاي .

مەزمۇت تۇرار چېگرادا جەڭچى ،
ۋۇجۇدىدا غايەت زور بىر كۈچ .

تەڭ كېلەلمەس ئاڭا شۇ تۇرقى،
قانچە مۇشكۇل كەلسە ئەگەر دۇچ.

پىچىرلايدۇ يۇرىكى ئۇنىڭ،
بايان قىلىپ يۇرەك قەلبىنى.
ياڭرىتىدۇ ئاسمان، پەلەككە،
ئىرادىدىن پۈتكەن نەزمىنى.

«ۋەتەن سېنىڭ سادىق ئوغلۇڭمەن،
سېنى قوغداش بەختىمدۇر مېنىڭ.
سېنى قوغداپ قۇچسام شان ـ شەرەپ،
تاجى، دۆلەت تەختىمدۇر مېنىڭ!»

ئاشۇ تۇيغۇ، ھېسلار ئىچىدە،
ئۆلاپ ئۆتتى كېچە ـ كۈندۈزنى.
ئەل ئىشقىدا كۆيگەن مەرد ئوغلان،
يۇمماي ھەرگىز بىر جۈپ كۆزىنى.

خىجىللىقتىن قىزىرىپ يۈزى،
چىمىرلىدى ئاخىرى چولپان.
ـــ قايىل بولدۇم ئىرادەڭگە دەپ،
پىچىرلىدى: ـــ ياشا مەرد ئوغلان!

تەڭ كېلەلمەي كۆكتىكى چولپان،
مەجبۇر بولدى مۆكۈشكە ئەمدى.

تەييارلاندى قۇياش قۇتلۇقلاپ ،
نۇرلىرىنى تۆكۈشكە ئەمدى .

1983 ــ يىل سىنتەبىر ، شىخو .

## قاراۋۇللۇق تەسراتلىرى

### گۈزەل تۇيغۇ

ئەل ، ۋەتەن دەپ تۇرسام كۆزەتتە ،
كەلمەس ئەسلا كۆزۈمگە ئۇيقۇ .
چۈنكى ئەلنى قوغدىماق ياۋدىن
يۈرىكىمگە ئورناشقان تۇيغۇ .

### قورامتاش

ھەۋىسىمنى قوزغىدى مېنىڭ ،
خەنجەر بىسلىق ھەيۋەت قورامتاش .
نەزەر سالسام تاشنىڭ چوققىسى
ئاق بۇلۇتقا قويغان ئىكەن باش .

ئورۇن ئالدىم ئەزىم چېگرىدا ،
مەنمۇ ئاشۇ قورامتاش ئوخشاش .
ئەلا بىلدىم ئەلنى قوغداشنى
كېرەك ئەمەس ئۆزگىچە ياشاش .

### قىران بۈركۈت

كۆكتە پەرۋاز قىلىدۇ بۈركۈت ،
قانىتىنى بەھۇزۇر كېرىپ .

ئىرادىسى تاۋلانغان شۇنداق ،
بوران - چاپقۇن دولقۇنلار يىرىپ .

مەنمۇ شۇنداق قىران بۈركۈتمەن ،
ئەلگە كۆز بوپ قىيادا تۇرغان .
ئىرادىدىن پۈتكەن شەمشەرمەن ،
مۇشكۈللەرنىڭ كۆكسىنى يارغان .

## ساۋاق

زەڭگەر رەڭلىك تىنىق ئاسماندا ،
سەيلە تۈزىدى ھەيۋەتلىك بۇلۇت .
ھەيۋە بىلەن كەلگەندە بوران ،
غايىب بولدى ئۆتمەستىن مىنۇت .

لېكىن قارىغاي تۇرماقتا ھەيۋەت ،
قىلالمىدى بوران ئاگا كار .
بەلكى يىغدى تېنىگە قۇۋۋەت ،
ئالقىش شۇڭا بولدى ئاڭا يار .

ساۋاق ئالدىم ، رەقىب ئالدىدا —
ئىرادىسىز بەدەر قاچاركەن .
ئىرادىلىك بولغانلار ھەرچاغ .
شان ئۆستىگە زەپەر قۇچاركەن .

## يۈكسەك ئىرادە

پەسىللەرنىڭ-رايىغا باقماي،
تورار قارىغاي قىيادا يېشىل.
نۆۋەت ساناپ كېلىشكەن باھار
كېچىككىنىدىن بولىدۇ خىجىل.

پوستقا تۇردۇم چوققىدا مەزمۇت،
قارىغاي بىلەن بولۇپ چىن ئىجىل.
ئۆگمەس ئەسلا توپاندا رەڭگىم
ئىرادەمدۇر بۇنىڭغا كېپىل.

1984 ـ يىل ئاۋغۇست، شىخو.

# ئازغان ئوغۇلغا

توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ،
تۇغقانتى ئارزۇلاپ ئاناڭ، بىلىپ قال.
قانچىلىك خوش قىلدىڭ ئاناڭ كۆڭلىنى،
ئەي ئوغۇل سۆزۈمگە ئوبدان قۇلاق سال.

تالاي كۈن ۋە تۈنلەر كىرپىك قاقماستىن،
سەن ئۈچۈن قايغۇرغانىدى شۇ ئا!
ئەركىلەپ چىشلىسەڭ ئۇنىڭ كۆكسىنى،
بىر قېتىم ئالىسپ قويمىغان ساڭا.

ۋە لېكىن چوڭ بولدۇڭ ئۇنتۇدۇڭ ئۇنى،
ئۆزۈڭچە شۇنداقلا چوڭ بوپ قالغاندەك.
بىلمىدىڭ قىلچىمۇ ئاق سۈت قەدرىنى،
چوڭ كۆلدىن چېلەكلەپ ئۇسۇپ ئالغاندەك.

دوست تۇتۇپ هاراقكەش يانچۇقچىلارنى،
ئازدىڭ سەن مېڭىۋاتقان توغرا يولۇڭدىن.
ئەل - يۇرتقا تىنچلىق بەرمىدىڭ زادى،
جىنايەت تامچىدى ماڭغان ئىزىڭدىن.

تاشىنىڭمۇ ھېسابى بولىدۇ ئاخىر،
شول ئۈچۈن باش ئەگدىڭ خەلق سوتىدا.

پۇشايمان ئەيلىدىڭ قىلمىشلىرىڭغا ،
تووۋا قىلىپ ئاخىر قانۇن ئالدىدا .

پۇشايمان قىلدىڭ سەن ، لېكىن كېچىكتىڭ ،
ئەمدى بەس ! تووۋا قىل ئۆز گۇناھىڭغا .
تىرىشىپ ئۆگىنىپ ، ياخشى ئەمگەك قىلىپ ،
يېڭىدىن مەنە بەر ياش ھاياتىڭغا .

ئۆزگىرىپ قايتىدىن ھايات باشلىساڭ ،
قۇچىقىن ئاچىدۇ يەنىلا ئاناڭ .
ئەل - يۇرتمۇ قارايدۇ تەبەسسۇم بىلەن ،
ياخشىلىق يولىغا قەدەم تاشلىساڭ .

1984 - يىل مارت ، ئۈرۈمچى .

## ئانا مېھرى

ھاپاش ئېتىپ ماگدىم دوختۇرغا ،
ئاغرىپ قېلىپ بىر كۈنى ئانام .
بېشى كۆككە يەتكەندەك خوش بوپ ،
دېدى : « ساڭا كۆپ رەھمەت بالام ! »

ئانام مېنى ىسەپكە قاتقىچە ،
ھاپاش ئەتكەن نەچچە مىڭ قېتىم ،
لېكىن ماڭا ئېيتتى رەھمەتنى ،
ھاپاش ئەتسەم ئاران بىر قېتىم .

1986 ـ يىل نويابىر ، قۇمۇل

## ھۆسنخەت

مەرىپەت بېغىدا كۆزنى چاقناتقان ،
خەتلەرنىڭ ئەزەلدىن شاھى ھۆسنخەت .
ئەقلىنىڭ ئاچقۇچى ئالتۇن كىتابلار ،
جۇلالىق ھۆسنىڭدىن ئاچىدۇ نۇر بەت .

خەتتاتلىق زوق بىلەن يازىدۇ سېنى ،
قۇرلارغا ھۆسنىڭدىن كەلتۈرۈپ نەقىش .
شۇڭلاشقا مىسالى جانان قەلبىدەك ،
دىللارغا سۆيگۈنى ئېتىسەن بەخش .

1985 - يىل ئىيۇل ، قۇمۇل .

# گۈل ۋە شەبنەم

تاڭ سەھەردە چۈشكەن شەبنەمنى
گۈللەر قىزغىن سۆيۈپ تۇرىدۇ .
گۈل سۆيگۈدىن ئېرىپ شەبنەممۇ .
گۈل بەرگىنى يۇيۇپ تۇرىدۇ .

بالقىغاندا قۇياش شەرقتىن ،
شەبنەم يەرگە سىڭىپ تۇرىدۇ .
لېكىن مېھرىن يىلتىز ئارقىلىق ،
گۈل بەرگىگە بېرىپ تۇرىدۇ .

ھىممىتىدىن گۈلمۇ شەبنەمنىڭ ،
بىر ئۆز پورەك ئېچىپ تۇرىدۇ .
كۆكۈللەرگە شادلىق بېغىشلاپ ،
خۇش پۇراقلار چېچىپ تۇرىدۇ .

گۈلمۇ شۇڭا شەبنەم قەدرىنى ،
چىن دىلىدىن بىلىپ تۇرىدۇ .
لەۋ يېقىشىپ تاڭ سەھەرلەردە ،
قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرىدۇ .

1987 - يىل ئىيۇن ، قومۇل .

## گۈلخۇمارغا

سەيلە قىپ گۈلباغ ئارا يەكشەنبىدە ،
ئامرىقىم تاللاپ ئۈزۈپتۇ دەستە گۈل .
ئۆيگە كېلىپ سالدى ئۇنى بىر لوڭقىغا ،
قۇيدى سۇنى ، بولدى تۇۋى ئەينى كۆل .

كۈن ئۆتۈپ سۇلدى تامام گۈل بەرگىسى ،
شاخلىرىمۇ قالدى پەسكە ئېگىلىپ .
بولدى شۇنداق ئامرىقىم بىر پەرۋانە ،
كۆيدى قەلبى نە ئۈچۈنكە چېگىلىپ .

شۇندا دېدىم سولىشامتى ئەسلىدە ،
قالمساگۈل يىلتىزىدىن ئايرىلىپ ،
يوقىتىپ ھەم زەپ چىرايلىق ھۆسنىنى ،
بەرگى سۇلۇپ ، شاخلىرىمۇ قايرىلىپ .

ئەي جانان سەن گۈلخۇمار بولساڭ ئەگەر ،
ئالدى بىلەن باغ ياساپ گۈللەر تېرى .
تېرىماستىن ئۈيلىساڭ ئۈزۈشنىلا ،
توزىغۇسى پارچە گۈللەر ئاخىرى .

1987 - يىل ئىيۇل ، قۇمۇل .

## ئەقىل ئۆچقۇنلىرى

ئوما ۋاقتى قىرنىڭ بېشىدا ،
ئولتۇراتتىم يېزىشچۇن شېئىر .
دېدى بوۋام ، — قانداق يازارسەن ،
سورىماستىن ئوغاقتىن پىكىر ؟

ئاشپەزلىكتىن يۆتكىلەيمىكىن ،
شائىرلىققا قىپ قالدىم ھەۋەس .
دېسەم بوۋام ، دېدى — ئۆگەنگىن ،
ھەۋەس قىلىشلا كۇپايە ئەمەس .

ئاق چېچىمنى بويىسام بىر كۈنى ،
دېدى بوۋام ، — نومۇس قىلدىڭمۇ .
قۇرۇق سۆلەت ئۆتمىسە ئۆمرۈڭ ،
ئەل ئىچىدە نومۇس بىلدىڭمۇ ؟

ھاياجاندا توۋلاپ ساپتىمەن ،
گۈللىنىپتۇ ئەجەبمۇ بۇ يەر .
دېدى بوۋام ، — گۈللەمتى زېمىن ،
دېھقان ئاكاڭ تۆكمىسە ساپ تەر .

« ئوخشىغانچە مېۋىلىك دەرەخ ،
ئېگىلەركەن شاخلىرى پەسكە . »

دېسەم بوۋام ،« تۆھپە يارىتىساڭ ، »
دېدى : ئۇنى كەلتۈرگىن ئەسكە .

ئوتقا ئۇرۇپ ئۆزىنى ئاخىر ،
بىكار ئۆلدى ، دېسەم پەرۋانە .
دېدى بوۋام ، — رازىمەن سەندىن ،
پەرۋانىدەك بولساڭ مەردانە .

گەر بولسىمۇ كىچىك داموكىرات ،
دېدىم ، كۆپ يۇك كۆتۈرۈلەيدۇ .
دېدى بوۋام ، — ئېيتقىنىڭ توغرا ،
خەلقىم سەندىن شۇنى تىلەيدۇ .

1985 - يىل ئاۋغۇست ، قومۇل .

## كۆزەت سەيلىسى

تۇرىمەن كۆز بولۇپ قىيادا ھوشىيار ،
بۇلۇتلار يولۇمغا سالغان پايانداز .
ئېگىز تاغ باغرىدا ئايلانغان بۈركۈت ،
زوقلىنىپ بەستىمگە قىلىدۇ پەرۋاز .

ئاق بۇلۇت ئىچرە باشلىسام سەيلە ،
ھەيۋەتلىك قورامتاش - قىياغا مىنىپ .
سۆيىدۇ مەڭزىمنى ئىزغىرىن شامال ،
يايرايمەن ئەڭ تازا ھاۋاغا قېنىپ .

بۇلۇتلار ئىچىدىن قارىسام پەسكە ،
كۆرۈندى ئېلى ھەم تارىم كۈمۈشتەك .
گۈللىگەن ئانا يۇرت ، گۈللىگەن زېمىن ،
كۆرۈندى كۆزۈمگە خۇددى بېھىشتەك .

ۋەتەنىنىڭ مېھرىدىن سۆيۈنگەچ قەلبىم ،
تەۋرىمەي چېگرانى قىلىمەن كۆزەت .
ياغسىمۇ قار - يامغۇر ، سوقسىمۇ بوران ،
ئىرادەم مۇستەھكەم ، ئۆزگەرمەس ئەبەد .

ئاق بۇلۇت ئىچرە قىلىمەن سەيلە ،
قولۇمدا قورالىم دىيارغا قاراپ .

ئاقلىسام بۇر چۇمنى خەلقىم كۈتكەندەك ،
شادلىقتىن يۈرىكىم ئوينايدۇ يايراپ .

1984 ـ يىل يانۋار ، ئۈرۈمچى .

## پۇشايمان

ئۇچراشتى يىگىتكە قىزچاق ، ئۇنىڭكى
تۆكۈلدى قەلبىدىن ئاڭا مۇھەببەت .
تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۇرەيلى ئەمدى ،
كۆندۈردى يىگىتنى قىزچاق ئاقىۋەت .

توي قىلدى ئاخىر ئۇلار ئالدىراپ ،
مېھمانلار ئۇزۇلمەي كەلدى ھەر كۈنى .
سورۇننىڭ ئۈستىگە تۈزۈلدى سورۇن ،
بەزمىلەر قايىندى كۈندۈز ۋە تۈنى .

نازىنىن تانسىدا تولغىنىپ دېدى :
— ئامرىقىم دىلىمدىن سۆيىمەن سىزنى .
ئىچىلسۇن سۆيگۈدىن ياشلىق گۈلىمىز ،
مەڭگۈلۈك مۇھەببەت دېيىشسۇن بىزنى ...

كۆپ ئۆتمەي ئارىدىن بوشىدى يانچۇق ،
خەجلەنگەچ پۇل ـ پۇچەك بۇزۇپ ـ چېچىلىپ .
بەزمىلەر ئامالسىز يىغىشتۇرۇلدى ،
چاي پۇلى ئۈچۈنمۇ قالغاچ قىسىلىپ .

چوكاننىڭ چېھرىدە ئەگىدى بۇلۇت ،
مىجەزى ئۆزگىرىپ بولدى بىر بىشەم .

« مەڭگۈلۈك مۇھەببەت » نەگە كەتتىكىن ،
ماجىرالار تۈگىمەي كەلدى ھەمىشەم .

— باي چاغلاپ تۇرقۇڭنى تېگىپتىكەنمەن ... !
سۆز سالدى ئېرىگە چوكان ، — گاداي ! — دەپ .
ئۆپكەڭمۇ كۆرۈندى مانا بەش كۈندە .
ئەمدى مەن بۇ دەردكە قانداق چىداي ! ... — دەپ

پۇلغىلا باغلانغان ئىشقى مۇھەببەت ،
شۇنچە تېز ئېچىلدى پارىنىڭ گۈلىدەك .
پۇل تۈگەپ ئارىدىن بىر سۆز ئۆتمەستىن ،
ھايالسىز توزىدى سامان كۈلىدەك .

پېشىنى سىلكىدى يول ئالدى چوكان ،
بار - يوقنى ئالدى - دە ، قۇرۇتتى ئۆينى .
پۇشايماننى ئالارغا قاچا چىقمىدى ،
يىگىتمۇ سىناشماي قىلغاچقا توينى .

بۇ ئىشلار بىز ئۈچۈن بولسۇن بىر ساۋاق ،
پۇلغىلا باغلانغان مۇھەببەت يۇتسۇن .
گۈللىسۇن سۆيگۈمىز غايە بىلەنلا ،
ئۆمرىمىز مەڭگۈلۈك مەنىلىك ئۆتسۇن !

1984 - يىل 1 - سېنتەبىر ، شىخو .

# باھار لىرىكىلىرى

## باھار كەلدى

باھار كەلدى پۈكۈپ دىلغا، ئارزۇيۇ، تىلەكلەرنى،
تەبىئەت يايدى كۆكلەمگە بەرىكەتلىك ئىتەكلەرنى.

سالا كەتكەن ئېتىز - باغلار باھاردا ئاچتى رۇخسارىن،
پەرۋانىدۇر كېپىنەكلەر، سۆيۈپ قانماي چېچەكلەرنى.

باھارنىڭ ھىممىتى بىرلە ياساندى بۇ زېمىن قىزدەك،
نازاكەت جىلۋىسى مەپتۇن قىلار مىڭلاپ يۈرەكلەرنى.

نەزەر سالسام يىراقلارغا، ئېتىز باغ - يول، قىرغاقلارغا،
سۆيۈپ ئۆتكەن باھار شاملى جالا ئاسقان سۆگەتلەرنى.

باھار پەسلى بەخش ئەتتى تەبىئەتكە يېڭى ئىنئام،
ئاتلاندى ئېتىز - قىرغا ئېلىپ دېھقان گۈرجەكلەرنى.

باھاردا قاينىدى ئەمگەك جېڭى ھەريان بەس - بەستە،
ئىشلەشنىڭ چېغى كەلگەچ، تۇرۇپ ئەمدى بىلەكلەرنى.

بىكار كەتمەس پەسىل ئەركى باھاردا تامچىغان تەرلەر،
سېخىي كۈزدە نېمەتلەرگە تولدۇرار ئىتەكلەرنى.

كەلدى باھار دىلنى خوش ئېتىپ ،
ئانا يۇرتۇم ئېتەكلىرىگە .
تۆكتى كۆكتىن نۇر تالاسىنى ،
گۈل - گىياھنىڭ چېچەكلىرىگە .

باھار بىلەن ئىللىغاچ زېمىن ،
ئېرىق - ئۆستەڭ راۋان ئېقىشتى .
ئالدىرىشىپ يېزا - يايلاقىلا ،
ئۆركەش ياساپ ، شاۋقۇن سېلىشتى .

ياسانغاندەك تويدا چوكانلار ،
يۈزىن ئاچتى لىباسلىق تاغلار .
شادلىقنى نامايان قىلىپ ،
چېچەك قىستى مېۋىزار باغلار .

يېشىل مەخمەل ئارتتى بويىغا ،
قۇچىقى كەڭ چىمەنزار يايلاق .
كۆكنى قۇچتى بوز تورغاي ئۈنى ،
ئويناقلىشار قوزا ھەم تايلاق .

ئەنە قاراڭ ، كەڭرى ئېكىنزارغا ،
باھار بىلەن كەتتى جانلىنىپ .

ناخشا كۈيىنى ياڭراتتى كۆككە،
بارچە دېھقان سەپكە ئاتلىنىپ.

سالالاشقان ئېتىزلار مانا،
بولدى رەڭدار گىلەمنىڭ ئۆزى.
بارچە كۆكات ياردى بىخنى،
باھارنىلا كۈتكەندەك كۆزى.

باھار بىلەن سىن تۈزۈپ زېمىن،
ئىقبالىغا قۇچاق ئېچىشتى.
شايى رەڭلىك ھەسەن - ھۈسەنمۇ،
زوقى بىلەن ئاڭا بېقىشتى.

ئەلگە ئۈمىد بېغىشلار باھار،
باھار دېمەك پەسىل ئەركىسى.
باھار بىلەن بىللە كېلىدۇ،
ناخشا ناۋالىق توي مەرىكىسى.

### تېرىم پەسلىدە

باش باھار سەزدى تۇيغۇ كەڭرى زېمىن،
يېتىپ كەلگەچ قاينام - تاشقىن تېرىم پەسلى.

قولىدا تۇتۇپ ئالتۇن پەيتىنىڭ تىزگىنىنى ،
شۇنچە قىزغىن ئىش باشلىدى دېھقان نەسلى .

ئەنە قاراڭ كەڭ دالاغا ، ئېكىنزارغا ،
ھەممە ياقتىن ناخشا كۈلكە ياڭراپ تۇرار .
شۇنچە جىددىي داۋام ئېتەر تېرىم جېڭى ،
بەس - بەس بىلەن يەر تىلغايدۇ تراكتۇرلار .

ئالتۇن داننى يەر تېگىگە كۆمەر رەتلىك ،
ئىشتا پىشقان دېھقان قىزلار سىيالكىدا .
مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى تۈنجى شەرت قىلىپ ،
ئىش باشلىدى ئىلمىي ئۇسۇل تېخنىكىدا .

ياش قىزلاردەك تېتىكلىشىپ مومايلارمۇ ،
ماگدى قىرغا چەينىكىدە ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ .
دېدى ھەمدە : « كۈچ قاتىلى تېرىمدا بىز ،
قېرىساقمۇ ئولتۇرمايلى سۇسلۇق قىلىپ ! »

نەزەر سالسام كەگرى ئېتىز - قىرلار تامان ،
ۋۇجۇدۇمدا بىر روھلىنىش بولدى پەيدا .

ئىشلەپ كەتتىم ياش چېغىمدەك كوچكە تولۇپ ،
ھېرىپ چارچاش دېگەن زادى ، قالدى قايدا ؟!

1990 - يىل ، ئۈرۈمچى .

# تەشەككۈر

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ « ئىز » رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن .

ھۆرمەتتە ئوقۇدۇم « ئىز » رومانىنى ،
تارىخنىڭ ئېقىنىغا چۆمۈلۈپ چۆكۈپ .
كۆپ ئەجىر قىلىپتۇ ئۆتكۈر ئەپەندى ،
زېھنىدىن بېھىساب دۇردانە تۆكۈپ .

« ئىز » دىكى ئوبرازلار نەقەدەر يارقىن ،
قوزغىدى دىللارغا تۈگىمەس تەسىر .
تىكلەندى ئۇزاقتىن بىز كۈتكەن قەبرە ،
ئۆچمەيدۇ ئەمدى ئۇ ، ئۆتسە مىڭ ئەسىر .

مەردانە تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى بۈگۈن ،
گۈللەتتى تەر تۆكۈپ يۇرتنى قىلىپ بوستان .
سەپەردە « ئىز » بېسىپ قۇچقان غەلىبىمىز ،
بولماقتا ئەل ئارا تىللاردا داستان .

قەد كېرىپ تۇرغۇسى مەڭگۈ بۇ قەبرە ،
ئەجدادلار ئىزىغا گۇۋاھچى بولۇپ .
ۋارىس بولۇپ ئەۋلادلار شۇ قۇتلۇق ئىزغا ،
ئۆرلەيمىز يۇرۇشتە قۇۋۋەتكە تولۇپ .

دىللارنى چۆلغىدى ئوتلۇق ھاياجان ،
يوللىدۇق تەشەككۈر ، يوللىدۇق سالام .
قەدىمىي قۇمۇلدىن تۆمۈر ئەۋلادى ،
بىلدۈرۈپ ئاپتورغا چەكسىز ئېھتىرام .

1986 - يىل يانۋار ، قۇمۇل .

# يېڭى يىل كۈنى

يېڭى يىلدا ئۆيگە ئاستىم يېڭىدىن ،
سېتىۋېلىپ يېڭى يىللىق كالېندار .
قارىغانچە دىللىرىمدا ئۇرغىدى ،
يېڭىچە روھ ، يېڭىچە ھىس - تۇيغۇلار .

ھۆرمەت بىلەن كالېندارنىڭ بېتىنى ،
ئاچقىنىمدا ئايان بولدى ، پەللىلەر .
نەزەر سالسام كونا يىلغا قايرىلىپ ،
دىلنى مەمنۇن قىلدى قۇچقان غەلىبىلەر .

ئۆتتى يىللار ئىجاد ، ئەمگەك ئىلكىدە،
يۇرت كۆكسىگە تاقاپ شەرەپ گۈلىنى .
ھەر قەدەمدە قۇچقان شانلىق غەلىبىلەر ،
شادلاندۇردى كىشلەرنىڭ قەلبىنى .

نۆۋەت ساناپ ئۆتتى يىللار ئاشۇنداق ،
يۇرتىمىزغا بېغىشلاپ چىن گۈزەللىك .
سۈرىتىنى چۈشۈرۈپتۇ بېتىگە .
كالېندارنىڭ ۋارىقى بەك ھەيۋەتلىك .

بەكمۇ گۈزەل كۆرۈنمەكتە كۆزۈمگە ،
قارىغانچە كالېندارنىڭ ۋارىقى .

چۈنكى ئۇلار قوچقان شانۇ - زەپەرنىڭ ،
ئەستلىكى ھەمدە ئۆچمەس تارىخى .

قارىغانچە كالېندارنىڭ بېتىگە ،
قانات قاقار پىلانلىرىم پەلەكتە .
بەلنى باغلاپ ، جەڭگە كىردىم ئەل بىلەن ،
يەتمەك ئۈچۈن ئاشۇ يۈكسەك پەللىگە .

1991 - يىل يانۋار .

## يۇرتۇم

باھاردا باغ - ئېتىز ، قىرلىرىڭ گۈللەپ ،
خۇش ناۋا بۇلبۇللار سايرىغان يۇرتۇم .
رۇخسارىڭ دىللارنى مەھلىيا ئەيلەپ ،
كۆڭۈللەر شادلىقتىن يايرىغان يۇرتۇم .

ئىقبالىڭ تاڭ بىلەن نۇرلىنىپ كۆزۈڭ ،
قايسىسى توغرا يول ؟ ئايرىغان يۇرتۇم .
سەپەردە ئەڭ يۈكسەك شىجائەت بىلەن ،
توسقۇنلار بېلىنى قايرىغان يۇرتۇم .

دەۋرىمدىن كۈچ ئېلىپ مەرد ئوغلانلىرىڭ ،
« ئەزاچە ئىشلەش » نى تاشلىغان يۇرتۇم .
مېھنەتتىن بەختنى يارىتىش ئۈچۈن ،
دېھقانچە ئەمگەكنى باشلىغان يۇرتۇم .

قوينۇڭدا ھەر مىللەت ئىتتىپاق بولۇپ ،
باراۋەر ئورۇندا ئاينىغان يۇرتۇم .
ئۆملۈكنىڭ قۇدرىتىن جارى قىلدۇرۇپ .
قازاندا گۆشۈ - ماي قاينىغان يۇرتۇم .

كۆچۈرۈپ كەلگەندەك چولپاننى كۆكتىن ،
ئېلېكتر چاراقلاپ چاقنىغان يۇرتۇم .

ئالمىشىپ ئات كالا ئورنىدا بۈگۈن،
ماشىنا، تراكتۇر قاتنىغان يۇرتۇم.

دېھقانلار تايىنىپ ئىلمۇ - ئىرپانغا،
خاماندا ئالتۇننى چىشلىگەن يۇرتۇم.
زامان ئوڭ، ئۆزگەردى دېھقان بۈگۈن چوڭ،
قولىدا پۇل، بايدىن زور خەجلىگەن يۇرتۇم.

تۇغ تىكىپ ئۈمىدلىك پارلاق ئەتىگە،
كۈنسېرى چوڭ قەدەم تاشلىغان يۇرتۇم.
تەشەككۈر ئېيتىمەن جاسارىتىگە،
بەختلىك تۇرمۇشنى باشلىغان يۇرتۇم.

1989 - يىل ئۆكتەبىر.

# ئارچا يېنىدا ...

قورامتاش ئۈستىدە كۆكلىگەن ئارچا ،
زىمىستان قەھرىنى نەزەرگە ئىلماي .
باغرىنى - باغرىغا ياققان تۇپراقنىڭ ،
دېگەندەك ئانا يۇرت مېھرىگە قانماي !

كۆكلەپتۇ ھەر شېخى شۇنچىلىك بولۇق ،
تارتىپ ئەتراپىغا يېقىملىق پۇراق .
زوقلىنىپ قارايمەن ئۇنىڭ ھۆسنىگە ،
نە خىسلەت ئۇندىكى ، ( دىلىمدا سوراق ؟! )

دېمەڭلەر ئارچىنى جىۋەك ، كۆرۈمسىز ،
نېمانچە بىچارە مۈكچىيىپ ئۆسكەن .
بىلسەڭلەر جاي بەرگەن ئاشۇ مۇقەددەس ،
زېمىننى سۆيۈشچۈن بىلىنى ئەگكەن .

شۇ ۋەجىدىن قىش ۋە ياز تۇرار كۆكىرىپ ،
ئاتا قىپ زېمىنغا كۆكلەم باھارنى .
ئىشقىنى بەرگەن ئۇ ئاشۇ خىسلەتتە ،
گۈللەشكە يېپىنچا بولۇپ تاغلارنى .

ئۆيلىدىم ئارچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ :
ۋەتەننى گۈللەشچۈن تەرىمنى تۆكسەم .

نه ئارمان قالاتتى دىلىمدا شۇ چاغ ،
ئەجرىمدىن خەلقىمنى رازى قىپ ئۆتسەم .

1991 - يىل دېكابىر .

# ئورما ناخشىسى

جاراڭلايدۇ سامانى قۇچۇپ.
كەڭ ئېتىزدا ئورما ناخشىسى.
يالتىرايدۇ كۈمۈشرەڭ ئورغاق،
ئورما ئورار ئەرنىڭ ياخشىسى.

تاڭ سەھەرنىڭ ئەركە شامىلى،
يۈزلىرىنى ئۆتىدۇ سۆيۈپ.
چوغدەك پارلىغان كۆكتىكى چولپان.
ئومىچىنىڭ ئىشىغا كۆيۈپ.

كەڭ دېڭىزدەك چايقىلار باشاق،
ئومىچىغا بىلدۈرۈپ تەزىم.
شىۋىرلايدۇ: ئوما ئورۇشقا
ساڭا ئوخشاش مەرد يىگىت لازىم.

سۈر ئىتتىنى ئۇچقۇر شامىللار،
ئورمىچىغا قىلىشقان ئىنئام.
ھەر ئورغاندا بىر باغنى قاماپ،
شامالدىن تېز بارماقتا ئىلدام.

ئارقىسىدا دۆۋە ـ دۆۋە باغ،
ھېرىش، چارچاش ئۇنىڭدىن يىراق،

شادلىقنى نامايان قىلىپ،
ناخشىسىنى ئىپتىماقتا ياڭراق،

جاراڭلايدۇ سامانى قۇچۇپ.
كەڭ ئىپتىزدا ئورما ناخشىسى.
يالتىرايدۇ كۈمۈش رەڭ ئورغاق.
ئورما ئورغان ئەرنىڭ ياخشىسى.

1992 ـ يىل ئاۋغۇست.

# كۆلەڭگە

ئايدىڭ كېچە ئىككى كۆلەڭگە ،
سۈرۈلمەكتە بىردىن - بىرى تېز .
نەزەرىمنى ئاغدۇرسام ئاڭا ،
بىرى يىگىت ، بىرى ئىكەن قىز .

ئەسكە كەلدى ياشلىق چاغلىرىمىز ،
بىزمۇ شۇ چاغ ئىدۇق يىگىت - قىز .
جانان بىلەن سۆھبەت ئىچرە ،
كېچىلەرنى ئۆتكۈزەتتۇق بىز .

ئەجدادلارمۇ ئاشۇ يوسۇندا ،
ئەۋلادلارغا قالدۇرار كەن ئىز .
كاشلا بولماي كېتەيلى نېرى ،
سىردىشۋالسۇن يىگىت بىلەن قىز .

1992 - يىل يانۋار ، قۇمۇل

## ئاي بىلەن سۆھبەت

دېرىزەمنى چەككەن شوخ شامال ،
سەگىندەتتى ئۇيقۇدىن مېنى .
دېدى : كۆكتە تۇرغان تولۇنئاي ،
ئىزدەپ ئاران تاپتىم مەن سېنى .

بىر چاغلاردا كېچە - كېچىلەپ ،
جامالىمغا تويمايتتىڭ قاراپ .
مەنمۇ خۇشال كۈلەتتىم كۆكتە ،
قالغىنىمچۇن كۆڭلۈڭگە ياراپ .

شۇ تەرىزدە مۇڭدۇشاتتۇق بىز ،
يەر - كۆك ئارا تەلمۈرۈپ قاراپ .
چىمىرلىتىپ چولپان كۆزىنى ،
ھەسەت بىلەن قارايتتى ماراپ .

نېمە بولدى ساڭا ئەي يىگىت ،
كۆرۈنمىدىڭ ئۇزۇندىن بېرى .
رەنجىدىڭمۇ ياكى مېنىڭدىن ،
كەتتىڭ ئەجەب سەيلىدىن نېرى .

جاۋاب بەردىم كۆكتىكى ئايغا ،
رەنجىمىدىم ئەسلا سېنىڭدىن .

ئەنسىرىمىگىن ھەرگىز مېنىڭدىن .

راستىن ئېيتسام ساڭا ئاي پەرى ،
ئاتا بولغان ئىكەن كۆكتىن جاي .
نېمە ھاجەت يەنە تەلمۈرۈش ،
قۇچۇقىمدا ياتسا تولۇنئاي .

1992 - يىل يانۋار ، قۇمۇل .

# ۋەتىنىم بولسۇن ئاۋات

ۆر ۋەتەنگە يېڭى تۈس قىلدى ئىنئام ئىسلاھات ،
كىيىم پۈتۈن ، قورساق توق ، گىلەم - يوتقان قاتمۇ قات .

ر مەھەل مەنزىل ئېزىپ يۈرگەن ئىدۇق ئوك - سولغا بىز ،
كۆلدۈرى بار ، يامغۇرى يوق ، سارغىيىپ ئۆتكەن ھايات .

جۇد - تۇماننى سۈردى سەلكىن تاڭ ساباھى بىر يولى ،
ۈردى خەندان كۈيچى بۇلبۇل ، قاغا - قۇزغۇن سالدى داد .

ئايرىدى داشقالۇ - زەرنى ، دەۋرىمىزنىڭ غەلۋىرى ،
سەپنى تىزدۇق قايتىدىن بارچە مىللەت كۈلدى شاد .

كار قىلالماس شۇم بوران ، پىتنە - ئەندىش ھەم گۇمان ،
ورۇغاچ كۆڭۈل رۇجەكى ، دىلغا ئورناپ ئېتىقاد .

كۈلدى ، ئىقبال دىلبىرى ، ئۆرلەيمىز سۇمرۇغ كەبى ،
اغ - داۋان داڭگالچە يوقتۇر ، دەۋرىمىز بەرگەچ قانات .

ئاچتى بىزگە ئىسلاھات ، داغدام يولىنى كەڭ مانا .
ىزلىتەيلى بىز قەدەمنى ۋەتىنىم بولسۇن ئاۋات .

1992 - يىل ئۆكتەبىر .

# پەرق

گىياھ ـ تاشنىڭ ، دەرەخنىڭ ،
بازىرى بار ، نەرقى بار .
لېكىن ئادەم باشقا گەپ ،
ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بار .

گىياھ ـ تاشقا ، دەرەخكە ،
باھا قويار مېتىرلاپ .
لازىمەتلىك نەرسىگە ،
پىلان كۆرۈپ توغرىلاپ .

بىراق ئادەم قىممىتى
ئۆلچىنىدۇ مېھنەتتىن .
ئەل ئىشقىدا ئوت بولۇپ ،
يانغان ئېسىل خىسلەتتىن .

كىم ياراتسا تۆھپىلەر
ئەل ئىشقىدا تەر تۆكۈپ ،
باھا بېرەر ئەل ئاڭا ،
قىممىتىنى ئۆستۈرۈپ .

شۇڭا ساقال سوزمايلى
ئۆچكىدىمۇ ساقال بار .

«... ياشتا ئەمەس، باشتا» دەپ،
ئەل ئارىسىدا ماقال بار.

ئەلگە تۆھپە قوشايلى.
ئەجىر قىلىپ تىرىشىپ.
ئۈستۈرەيلى قىممەتنى،
شان ـ شەرەپكە ئېرىشىپ.

1993 ـ يىل يانۋار، قۇمۇل.

## ئەلگە ئۈمىد بېغىشلار باھار

باھار بىلەن ئىللىغاچ زېمىن ،
ئېرىق - ئۆستەڭ راۋان ئېقىشتى .
ئالدىرىغاندەك يېزا - يايلاقلا ،
ئۆركەش ياساپ شاۋقۇن سېلىشتى .

ياسانغاندەك تويغا چوكانلار
يۈزىن ئاچتى لىباسلىق تاغلار .
شادلىقنى نامايان قىلىپ ،
چېچەك قىستى مېۋىزار باغلار .

يېشىل مەخمەل ئارتتى بويىغا ،
قۇچىقى كەڭ چىمەنزار يايلاق .
كۆكنى قۇچتى بوز تورغاي ئۈنى ،
ئويناقلىشار قوزا ھەم تايلاق .

ئەنە قاراڭ كەڭ ئېكىنزارلىق ،
باھار بىلەن كەتتى جانلىنىپ .
شاد ناخشىنى ياڭراتتى كۆككە ،
بارچە دېھقان سەپكە ئاتلىنىپ .

سالالاشقان ئېتىزلار مانا ،
بولدى رەڭدار گىلەمنىڭ ئۆزى .

بارچە كوكات ياردى بىخنى ،
باھارنىلا كۈتكەندەك كۆزى .

باھار بىلەن سىن تۈزەپ زېمىن ،
ئىقبالىغا قۇچاق ئېچىشتى .
شايى رەڭلىك ھەسەن - ھۈسەنمۇ ،
زوقى بىلەن ئاڭا بېقىشتى .

ئەلگە ئۈمىد بېغىشلار باھار ،
باھار دېمەك پەسىل ئەركىسى .
ئۆزى بىلەن بىللە كېلىدۇ .
غەلىبە ، كۈرەش ، توي مەرىكىسى .

1993 - يىل ماي ، قۇمۇل .

## ئۈمىد بىلەن ياشنايدۇ ھايات

نا ئۈمىد ئۈچۈن ئىستىقبال جاڭگال ،
شۇڭا سەپەردە چىقىرار جاڭجال .
ئامەت كەلگەندە ئەلنىڭ ئالدىغا ،
ھايا قىلماستىن سالىدۇ چاڭگال .

ئۈمىدسىز كىشى كېلىدۇ لەقۋا ،
مەدەت بەرگەنگە بېرىدۇ پەشۋا .
رىزقىنى پۈچىلاپ ئۆتىدۇ ئەلنىڭ ،
خەلق ئالدىدا بولسىمۇ رەسۋا .

« ئىشلىگەن چىشلەر » دېگەن ماقال بار ،
ئىشچان يىگىتكە غەلىبە - ئامەت يار .
ئەجىر قىلماي ئاسمانغا باقسا ،
بولىدۇ ئەبەد داستىخىنى تار .

ئۈمىدلىك كىشى يىراقنى كۆرەر ،
ھالال مېھنەتنىڭ پەيزىنى سۈرەر .
بۇرچىنى ئاقلاپ ئەلنىڭ ئالدىدا ،
قەددىنى رۇسلاپ يىگىتتەك يۈرەر .

ئۈمىد دېمەككىم ئىنسانچۈن قانات ،
ئۈمىد بىلەن گۈل ئاچىدۇ ھايات .

ئۈمىدلىك ئىنسان، ئۈمىدسىز شەيتان،
ئېسىڭدە چىڭ تۇت، بۇ مۇھىم ساۋات.

1993 ـ يىل ماي، قۇمۇل

# مۇقام

— ئاپتونوم رايون بويىچە قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن « قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » نىڭ ئېچىلغانلىقىنى بېغىشلايمەن .

بىر بۈيۈك تارىخ مۇقام ، مۇقام خەلقىنىڭ دىلبىرى ،
بارچىدىن يۈكسەك مۇقام ، مۇقام گۆھەرنىڭ گۆھىرى .

ماختىنىشقا ھەققىمىز بار بىز مۇقام ئەۋلادى دەپ ،
ئەرزىگەي قويىساق ئۇنى ھەممە قامۇستىن ئىلگىرى .

شۇل مۇقامدۇر بىزگە بايلىق ، بىزگە قىممەتلىك مىراس ،
قەلبىمىزنى ئەيلىگەي روھى گادايلىقتىن نىرى .

سالدۇ ئاسمان قۇلاق زوق - شوق بىلەن ئېيتساق مۇقام ،
قالدۇ مەپتۇن بولۇپ ھەتتا چىمەنلەر بۇلبۇلى .

ئۆمرىنى ئۆتكۈزسە كىمكى ئاز - تولا ئېيتماي مۇقام ،
ھۆسنىگە تولماس پەقەت ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ ئۆزى .

ياڭرىسا مۇقام ئەگەر ئالەمگە زىننەت قونغۇسى ،
ئەسلىدىن بولغاچقا ئۇ كۈي سەنئەتنىڭ جەۋھىرى .

1993 - يىل ئاۋغۇست ، قۇمۇل .

# گۈزەللىك ئۈچۈن

ھايات گۈزەل، كېلەچەك گۈزەل،
گۈزەللىكنى سۆيمىگەن كىم بار ؟
بار چە مېھنەت گۈزەللىك ئۈچۈن،
گۈزەللىك دەپ ئۆلمىگەن كىم بار ؟

مېھنەت بىلەن ئۆتمەكتە كۈنلەر،
قەلبىمىزدە بىر ئۇلۇغ ئىستەك.
تامچە سۇدا قۇياشنىڭ ئەكسى،
كۆرۈنمەكتە گۈزەل كېلەچەك.

ئارمانلارغا يېتىمىز ئاخىر،
ئىرادىمىز بولغاچقا يۈكسەك.
قۇچاق ئاچار ئىقبال پەرىسى،
گۈزەللىكچۈن تىنىماي كۈرەشسەك.

ھايات گۈزەل، كېلەچەك گۈزەل،
گۈزەللىكنى سۆيەيلى مەڭگۈ.
گۈزەللىكچۈن تۆكۈپ كۈمۈش تەر،
ئانا ئەلنى گۈللەيلى مەڭگۈ.

1994 - يىل فېۋرال، قۇمۇل.

## نورۇز كۈيلىرى

گۈل دىيار كەلدى نورۇز، قوينۇڭنى نۇرغا تولدۇرۇپ،
مېھرىدىن ئاتەش چېچىپ، دىلدا ئىلھام ئۇرغۇتۇپ.

تاشلىدى ئاپئاق لىباستىن تاغۇ - تاش، ئورمانلىرىڭ،
ئاقتى كۆكيار ھەم تۆرۈكنىڭ سۇلىرى بوژغۇنلىنىپ.

مەھلىيا بوپ ھەر تەرەپتىن كەلدى قوينۇڭغا سىنىڭ،
يەلپۈتۈپ مامۇق پېيىنى تۇرنا غازلار سەپ بولۇپ.

قايىنتىپ ئەمگەك جېڭىنى بۇ ئېكىنزار قويىنىدا،
ياڭرىدى دېھقان كۈيى بۇلبۇلنى ھەيران قالدۇرۇپ.

يايلىقىڭدا ئاق بۇلۇتتۇر قوي - قوزا - تايلاقلىرىڭ،
چېپىشار ھەريانغا پېتراپ، چۆپلىرىڭگە بوي سوزۇپ.

ياپقىنىڭ ئۈچۈن گۈل دىيارغا ياپىپىشىل مەخمەل نورۇز،
سايرىدى بەس - بەستە قۇشلار ساڭا ئالقىش ياغدۇرۇپ.

※ ※ ※

كەلدى نورۇز، كۈلدى زېمىن، كەتتى ئاياز،
توپ - توپىدا كەلدى يۇرتقا تۇرنا ۋە غاز.

ئالما - ئۆرۈك شاخلىرىدا ھال رەڭ چېچەك،
ئانا تۇپراق جىلۋىسىدىن قىلماقتا ناز.

گۇل شېخىغا قوندى بۇلبۇل خۇش ناۋادا ،
كۆكتە تورغاي ، باغدا تۇمۇچۇق چالماقتا ساز .

بۇلاقلاردىن ئۇقچۇپ چىققان زۇمرەت سۇلار
ئالدىرايدۇ ئېكىنزارغا ، تېز ئېرىق قاز .

قوزا - تايلاق سەكرىشىدۇ شوخلۇقىدىن ،
كەگرى يايلاق بولغىنى ئۈچۈن گۇل پايانداز .

ئۈنچە تىزدىم مىسرالاردىن ساڭا نورۇز ،
سوۋغىتىمنى قوبۇل ئەيلە بولسىمۇ ئاز .

1994 - يىل مارت ، قۇمۇل .

## غىدىقلىما مېنى دوست بولساڭ

تەستىق سالسام ئىلتىماسىڭغا ،
ماختاپ كەتتىڭ مېنى « خەتتات » دەپ .
« ئۆگىنىمەن پوچۇركىڭىزنى ،
ۋاقىت چىقىرىپ كېلىپ پات ـ پات » دەپ .

پىكىر قىلسام يىغىندا بىر ئاز ،
تەكرارلىدىڭ بىرنى ئون ماختاپ .
دېدىڭ ئۇنى « ئالىي يولىيورۇق ،
ھەممە ئىشقا كېلەر بەكمۇ باب »

بارغىنىمدا توي ـ مەرىكىگە ،
تونۇشتۇردۇڭ « ئەلگە دىلكەش » دەپ .
« كەلدى شۇڭا باشلىق بولسىمۇ ،
سىزنى بەكمۇ يېقىن بىلگەچ » دەپ.

ئېيتقىنىمدا ئىككى جۈملە سۆز،
تەرىپلىدىڭ « لىرىك شېئىر » دەپ .
« ھەر مىسرادا ئالەمچە مەنە ،
ئاڭا سىڭگەن يۈكسەك پىكىر » دەپ .

ھەتتا مېڭىش تۇرۇشۇمنىمۇ ،
قالدۇرمىدىڭ شەرتسىز سۈپەتلەپ .

كېلىپ تۇردۇك ھەجىيىپ ھەر كۈنى ،
يېڭى - يېڭى نامدا پەتىلەپ .

غىدىقلىما مېنى دوست بولساڭ ،
غىدىقلىنىشقا خۇشتار ئەمەسمەن .
غىدىقلاشتىن پايدا ئېلىشقا ،
ئۇرۇنغاننى دوستۇم دېمەسمەن !

1994 - يىل 21 - ماي ، قۇمۇل .

## تۆت يىگىتنىڭ سۆھبىتى

تالاش - تارتىش قىلىشتى ،
دەرىخانىدا تۆت يىگىت .
ئىسىملىرى ئۇلارنىڭ ،
ئۆندەش ، سوراق ، پەش ، چېكىت .

ئۆندەش دېدى ، غادىيىپ :
— ئاراڭلاردا مەن ئېگىز .
تىلىك تۇرىمەن ھەر ۋاقىت .
كۈچ - قۇدرىتىم تەڭداشسىز .

يازغان مىسرا ، جۈملىلەر ،
چىقماس مەنسىز جاراڭلىق .
ھەممىڭلارنىڭ ئىچىدە
شۇڭا مەنلا يارامىلىق !...

چىدىماي بۇ خورلۇققا ،
سۆزنى بۆلدى ھەم سوراق .
چۈنكى ئۇنىڭ مىجەزى ،
بولغاچقا سەل چۇسراق .

— قويۇلمىسا پەش ، چېكىت ،
ياكى سوراق جايىغا ،

راۋانلىشىپ گەپ - سۆزلەر ،
يېتەلەمدۇ ۋايىغا ؟! ...

تىنىۋېلىپ ئاڭغىچە ،
سۆز باشلىدى پەشمۇ ھەم ،
— ئايان بولدى ئۇندەشجان ،
ئىكەنلىكىڭ كالتە پەم .

بىرىمىز كەم بولغاندا ،
باغلاشمايدۇ جۈملىلەر .
خۇددى يىپتىن ئاجراپ ،
چېچىلغاندەك ئۈنچىلەر .

— توغرا ئېيتتى پەش - سوراق ،
— دېدى چېكىت يەكۈنلەپ .
ئىنكار قىلدىڭ ئۆزگىنى ،
ئۆزۈڭنىلا تەرىپلەپ .

رولىمىز بار ئوخشاشلا ،
خەتنى راۋان يېزىشتا .
كىتاب - گېزىت قۇرلارغا ،
ئۈنچە - مارجان تىزىشتا .

چىقتى شۇئان دوسكىغا ،
جۈملە رەتلىك يېزىلىپ .

ئۇندەش ، سوراق ، پەش ، چېكىت ،
ئۆز جايىغا تىزىلىپ .

بۇنى كۆرۈپ ئۇندەشنىڭ ،
ياش تامچىدى كۆزىدىن .
پۇشايمان يېدى بايىقى ،
قىلغان خاتا سۆزىدىن .

قولنى - قولغا تۇتۇشتى ،
قۇرنى بويلاپ تۆت يىگىت .
ئۆستۈرگەچكە تونۇشنى ،
ئۇندەش ، سوراق ، پەش ، چېكىت !

1994 - يىل ماي ، قۇمۇل .

## پاكلىقتا مەدھىيە

ئەي غاز ،
ماموُق پەيلىرىڭ
توُرسىموُ ئاپئاق ،
چوٚموٚلسەڭ ھەر كوٚنى كوٚلگە .
مەقسىتىڭ
ۋاقتى - ۋاقتىدا
يوُيوُنوُپ تارىنىپ ،
قانات - قوُيرۇقوُڭغا
تىرناقچىلىك داغ تەككوٚزمەسلىككە .
ئەگەر،
بەندىلەرموُ
سىنىڭ روھىڭنى ئوٚلگە قىلىپ ،
ئىگە بولسا
ئەنە شوُنداق ،
ئوٚزىدىكى ئىللەتلەرنى
ھەر ۋاقىت تازىلاپ توُرىدىغان
ئىسىل پەزىلەت ،
ئالىي خىسلەتكە .
يولوُقمايتتى
ھىچقاچان
نەپسانىيەتچىلىك ،
خىيانەتچىلىك ،

پارىخورلۇق ،
چىرىكلىشىشتەك
خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ،
زىيان سالىدىغان
ۋىجدانىنى بۇلغاپ
ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان يامان ئىللەتكە .
ئەكسىچە
ئەل ئىشىدا
پاك ۋە دىيانەتلىك بولۇپ ،
پىداكارانە روھقا تولۇپ ،
بارلىقىنى ئاتاپ جەمئىيەتكە ،
ئىنسانى بۇرچ
تېگىشلىك تۆھپىسى بىلەن
كىشىلىك قەدىر -قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ،
ئېرىشەتتى
ھەقىقىي تۈردە
ئەل ئارىسىدا يۈكسەك ھۆرمەتكە !

1994 - يىل ئاۋغۇست ، قۇمۇل .

# رۇبائىيلار ۋە تۆتلىكلەر

ئادەمنىڭ قىممىتى ئىلىم ـ پەن بىلەن ،
ئىلىمسىز كىشىلەر يۈرەر غەم بىلەن .
بۇ ئەلدە ئىجادقا زېمىن كەڭتاشا ،
بۇنىڭسىز دوست بولار كىملەر سەن بىلەن .

※ ※ ※

بىلىمنىڭ ئەزەلدىن يوقتۇر باھاسى ،
ئۆزگىچە بولغاندا چىقماس ناۋاسى .
بىلىمسىز نادانلار شەھەر سورىسا ،
ئەل - يۇرتقا قاچاندا بولغان ۋاپاسى .

※ ※ ※

بىلگەنلەر ھەر ئىشنى دادىل ئىشلەيدۇ ،
بىلمىگەنلەر ھاڭۋېقىپ بارماق چىشلەيدۇ .
بىلىمنى يار تۇتماي يۈرگەن كىشىلەر ،
نادانلىق دەردىدە بېشىنى قاشلايدۇ .

※ ※ ※

بىلىمدۇر گوياكى دىلنىڭ چىرىغى ،
تەڭ كەلمەس ئۇنىڭغا قۇياش يورىغى .
بىلىملىك كىشىلەر تېرىغان گۈلنىڭ ،
تارايدۇ ھەر ياققا خۇشخۇي پۇرىقى .

※ ※ ※

كادىرلىق كىشىنىڭ سۆلىتى ئەمەس ،
يەپ - ئىچىش ھەقىقى دۆلىتى ئەمەس .
كادىرلىق خەلقىنىڭ چاكىرى دېمەك ،
بۇنىڭسىز باشقىغا قىلمىغىن ھەۋەس .

※ ※ ※

ئىشلىگەن ئىشىڭدا ھەر چاغ ئادىل بول ،
خەلقنى كۆزدە تۇت ، ياخشى كادىر بول .
جاپادا ، راھەتتە ، قايغۇ ئەلەمدە ،
خەلققە دائىما ھەمدەم بىر دىل بول .

※ ※ ※

ۋەزىپە تاپشۇردى خەلقىمىز ساڭا ،
دىلىڭدىن ئىشتىياق باغلىغىن ئاڭا .
ئەل ۋەتەن كۈتمەكتە سەندىن زور ئۈمىد ،
بارىڭنى بېغىشلاپ ئىشلىگىن راسا .

※ ※ ※

ئەقىللىق سۆزىنى ئويلاپ سۆزلەيدۇ ،
ئىشىدا يىراقتىن نىشان كۆزلەيدۇ .
نادانلار بۇگۈنى قورسا شەھەر ،
ئەتىلا پۇشمان يەپ ئۈنى تۈزلەيدۇ .

※ ※ ※

بىلىمسىز كىشىنىڭ يۇرۇشمەس ئىشى ،
چۈشەنمەس بۇ گەپنى بىلىمسىز كىشى .

بىلىمنى دوست تۇتماي يۈرگەن نادانىنىڭ ،
ئاقىۋەت بىھۇدە يېرىلار بېشى .

※ ※ ※

ياشلىقتا تۇتمىساڭ بىر ھۈنەر ـ كەسىپ ،
قېرىغاندا پۇشمانغا قالىسەن پېتىپ .
شۇڭلاشقا ۋاقىتىڭنى قەدىرلە دوستۇم ،
كوچىدا لاغايلاپ يۈرمەي گەپ سېتىپ .

※ ※ ※

ئالەمدە قۇياشتەك يورۇق نەرسە يوق ،
ھاياتتا ئانىدەك ئۇلۇغ نەرسە يوق .
تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىشتا ،
قۇدرىتى بىلىمدەك تولۇق نەرسە يوق .

※ ※ ※

ئېقىلنىڭ جەۋھىرى ئەزەلدىن ھېكمەت ،
دېيىشەر ئاقىللار قىلىسىلا سۆھبەت .
دۇنيادا ئۆتكەنتى قايسى بىر ئالىم ،
بىلىمنى ئۆزگە تۇتماستىن ئۇلپەت .

※ ※ ※

كۆكۈلدىن ئۆچكەندە ئۇمىد چىرىغى ،
بىلىنەر سەپەردە يولنىڭ يىرىقى .
ئۇمىدتۇر كىشىنى روھلاندۇرغۇچى ،
ئۇمىدتىن گۈل ئاچار ئۆمۈرنىڭ بېغى .

※ ※ ※

ئەزەلدىن خاتادىن خالىي ئىنسان يوق،
بولسىمۇ گەرچە ئۇ مۆتىۋەر، ئۇلۇغ.
كىمكى نۇقسانسىز ئىشلەيمەن دېسە،
خاتانى ۋاقتىدا تۈزەتسۇن تولۇق.

※ ※ ※

دوستۇڭنىڭ نەسىھەتى بولغانچە ئاچچىق،
مېۋىسى پىشىدۇ شۇنچىلىك تاتلىق.
كۆڭلۈڭدە ساقلىساڭ مۇشۇ ماقالنى،
دىلىڭدىن ئۆچمەيدۇ مەڭگۈگە شادلىق.

※ ※ ※

ئەمەلنى بىلمىگىن ھەممىدىن قىممەت،
قىممىتى دۇنيادا ئەخلاق - پەزىلەت.
ئۆمرۈڭدە تىكلىسەڭ ئەخلاق مۇنارى،
ئۆلسەڭمۇ ئەل سېنى يادلايدۇ ئەبەد.

※ ※ ※

چېقىمچى ئالدىڭدا ماختار گەپ بىلەن،
ئارقاڭدىن قارغايدۇ «توختا»، «خەپ» بىلەن.
ھېجىيىش، ھومىيىش نۆۋىتى ئۇنىڭ،
ئالمىشار ئارىدىن ئالغان نەپ بىلەن.

※ ※ ※

دوستۇڭنى ئۆلچىمە گۈزەل يۈزىدىن،
ۋە ياكى سىپايە، سىلىق سۆزىدىن.

كۆگلدە شۇم غەرەز بارمۇ يوق ئۇنىڭ ،
مۆلچەرلە ئوينىتقان ئىككى كۆزىدىن .

※ ※ ※

چۆللەرگە گۈزەللىك بىغىشلاپ توغراق ،
ياشايدۇ ئەسىرلەپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ،
توغراقنىڭ خىسلىتى ئۆلگە ئىنسانغا ،
شۆگلاشقا مەدھىيلەپ قاتىمىز قوشاق .

※ ※ ※

بولسىلا يېنىگدا بىر كەمەك ھەييار ،
بولىدۇ نىسۋەگگە ھەمىشە تەييار .
پەخەس بول تەييارغا ھەييار بولغاندىن ،
بولمىسا ، ئامىتىڭ توزغاقتەك توزار .

※ ※ ※

بەزىلەر ئۆزىنى ئەقىللىق بىلەر ،
يار ئاگا شۆگلاشقا مەككارلىق ھۈنەر .
بىراۋغا يوللىسا ھەيۋە سوۋغىسى ،
بىراۋغا يالۋۇرۇپ پۇتىنى سۆيەر .

※ ※ ※

بەزىلەر خەلق دەپ جاپا تارتىدۇ ،
بەزىلەر تاپتىم دەپ يۇكىنى ئارتىدۇ .
تەييارغا ھەييار بوپ يۇرگەن ساياقلار ،
پۇچەك يارماققا ۋىجدان ساتىدۇ .

※ ※ ※

بەزىلەر قەدەمدە بېرىدۇ ۋەدە،
ۋەدىسى قالىدۇ دېگەن يېرىدە.
ۋەدىنى ئورۇنلاش ئىنسانى بۇرچ،
ۋەدىنى بۇزغاننى دەيمىز شەرمەندە.

※ ※ ※

پاك نىيەت قىلىدۇ ياخشىنى ئۈلگە،
بېغىنى ئورايدۇ خۇش پۇراق گۈلگە.
ئەل ئۈچۈن نەپ بېرىش ئاڭا زور شەرەپ،
غادايغان كىشىنى تەڭ كۆرەر نۆلگە.

※ ※ ※

باغ دېمەس كىشىلەر يانتاقلىق يەرنى،
مەرد دېمەس ھېچقاچان ئىش سۆيمەس ئەرنى.
« ئەر غېمى ئەلدە » دەپ ئېيتقان خالايىق،
بېشىدا كۆتۈرەر كىم تۆكسە تەرنى.

※ ※ ※

تەر تۆكۈپ ئىشلىسەڭ باياۋان چۆلگە،
مېھنىتىڭ مول ھوسۇل بېرىدۇ ئەلگە.
ۋاق يېتىپ ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ،
ئوبرازىڭ ئەۋلادقا بولىدۇ ئۈلگە.

※ ※ ※

نەپسانىيەت جاھاندا ئەڭ يامان ئىللەت،
يولۇقساڭ ئۈنىڭغا تارتىسەن كۆپ دەرد.

نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك ،
ئىللىتىڭ بولسىلا ۋاقتىدا تۈزەت .

※ ※ ※

ھەر قوغۇنىنىڭ تەمىنىڭ بولۇشى تاتلىق ،
قوغۇنچى دېھقانىنىڭ ئەجرىگە باغلىق .
ئەجرىدىن تامچىغان شېكەر شەربەتىنىڭ ،
ئالدىدا ناۋاتىنىڭ تەمىمۇ چاغلىق .

※ ※ ※

پەرۋانە چىراغقا ئۇرۇپ ئۆزىنى ،
كۆيدۈرۈپ ھەتتاكى قانات - تۈكىنى .
جېنىدىن بىر يولى جۇدا بولسىمۇ ،
ئالايتماس يورۇققا ھەرگىز كۆزىنى .

※ ※ ※

پەن - بىلىم يورۇتۇپ دىلىمنى مېنىڭ ،
ۋەتەن دەپ ئۆگەتتى تىلىمنى مېنىڭ .
قەلبىمگە بېغىشلاپ بېھساب قۇۋۋەت ،
سەپەردە چىڭىتتى بېلىمنى مېنىڭ .

※ ※ ※

ئۇلتۇردىم بىر كۈنى يازماقچۇن شېئىر ،
لىرىكا ئۈستىدە يۈرگۈزۈپ پىكىر .
ۋە لېكىن پۈتمىدى بىر جۈملە سۆزمۇ ،
ئويلىسام قەلبىمگە تولغانكەن كېبىر .

※ ※ ※

ئاقارتقاچ قەلبىمنى ئانامنىڭ سۈتى ،
ئۆرتىدى دىلىمنى سۈت ئىشقى ئوتى .
ئاق سۈتنىڭ قەدرىگە يەتكەن چېغىمدا ،
چۈشۈپتۇ گۆرىگە ئانامنىڭ پۇتى .

※ ※ ※

ئىلىمدە تۇغۇلدۇڭ ئەلگە تاۋاب قىل ،
ئەل ئۈچۈن باغرىڭنى ئوتتا كاۋاپ قىل .
ئەي ئوغلان ئۆمرۈڭدە تۇغقان ئېلىڭگە ،
قانچىلىك نەپ بەردىڭ ئەمدى جاۋاب قىل .

※ ※ ※

كەڭ كۆڭۈل ئوخشايدۇ يورۇق جاھانغا ،
ئوخشايدۇ بولۇتسىز سۈزۈك ئاسمانغا .
قاپىلسا كۆڭۈلنى ھەسەت تۇمانى ،
ئوخشايدۇ چىرىگەن سېسىق سامانغا .

※ ※ ※

ئادەمنىڭ بىلىشى چەكلىك ئەسلىدە ،
ئىزدەنگىن شۇڭلاشقا ئىلىم ۋەسلىدە .
ئاسمانغا بويسۇنغان ھاي - ھاي تېرەكمۇ ،
يەڭگۈشلەر يوپۇرماق باھار پەسلىدە .

※ ※ ※

چاچ - رەڭگىم ئۆزگىرىپ ، ئاقاردى بۇ باش ،
بوپ قالدىم ئەمدى مەن خېلىلا چوڭ ياش .

بىراق پەن نۇرىدا يورىغاچ قەلبىم ،
روھىم بار ئىشلەشكە ياشلارغا ئوخشاش .

※ ※ ※

تاغلاردىن سۇ باشلاپ پەرھاتلىرىم ،
چۆللەرنى گۈللەتتى ئەجدادلىرىم .
قېنى سەن ئۆمرۈڭدە نە ئىش قىلدىڭ دەپ
سورىسا نە دەرمەن ئەۋلادلىرىم .

※ ※ ※

قانائەت شارابى مەست قىلسا سېنى ،
ئەخمەق بوپ بىلىمەن دېمە ھەممىنى .
بىلگىنىڭ قانچىلىك قىلغان ئىشىڭدىن ،
باھا گەر خەلقىمىز ئۆلچىسۇن سېنى .

※ ※ ※

قۇياش كۈلۈپ قارىسا يەرگە ،
دېھقان ئىشلەيدۇ چۆمۈلۈپ تەرگە .
نېمەتكە قۇچىقى كەڭرى شۇ تۇپراق ،
چاچقۇسىن چاچىدۇ ئىش سۆيەر ئەرگە .

※ ※ ※

ياشلىقىمدا ئويۇنغىلا بېرىلىپ ،
يۈرگۈنىمچۇن قالتىسمەن دەپ كېرىلىپ .
ئۆلچىگەندە ۋاقىت ئاخىر تۆھپىنى ،
جىڭ باسماستىن كەتتىم شۇئان سىيرىلىپ .

※ ※ ※

كۆرسەتكەچ ئەيىبىڭنى ئەينەك بىچارە،
ئۆچ كۆرۈپ سەن ئۇنى قىلدىڭ مىڭ پارە.
ئۆزۈڭنى بىلمەسلىك ئادىتىڭ تۇرسا،
بىچارە ئەينەكتە بار نېمە چارە.

※ ※ ※

چىنلىقنى ئۆزۈڭگە قىلمىساڭ ئۆلچەم،
دېمەيدۇ ئەل سېنى ھەقىقىي ئادەم.
ساقالنى مىننەت قىلىپ يۈرگەنچە تېخى،
تۆكۈلەر نوموسۇڭ، تۆكۈلەر يۈز ھەم.

※ ※ ※

گۆش ئالسام سالدى ئۇ، سۆڭەك ۋە پەشنى،
بىلمەسكەن ئىنساپنىڭ چېكتى، پەشنى.
ئىش قىلساڭ لىللا قىل دېگۈچە تېخى،
مېنىڭدىن بۇرۇن ئۇ سىلكىدى پەشنى.

※ ※ ※

بېخىللار يېمەسكەن رىزقىنى قىسىپ،
تاپقىنى ئۆيىدە تۇرسىمۇ سېسىپ.
ۋە لېكىن تويماسكەن تاپاۋىتىگە،
قويسىمۇ تۆت تامغا گىلەملەر ئېسىپ.

※ ※ ※

ماختىساڭ ھەر قىلغان سۆزۈڭدە مېنى،
ھەممىنى دەپتىمەن دوست بىلىپ سېنى.

پەيت كېلىپ تىققاندا پوستۇمغا سامان ،
هوشۇمغا كەپتىمەن بىلىپ ئەسلىگىنى .

※ ※ ※

ئانىلار بالام دەپ كۆيۈپ ئۆتەركەن ،
بەختلىك بولسۇن دەپ تۇمار پۈتەرگەن .
ۋە لېكىن شۇ ئانا هايات تۇرۇپلا ،
بەزىلەر قەلبىدىن تامام يۈتەركەن .

※ ※ ※

ۋەتەننى گۈللەشتۈر تىلىكىم مېنىڭ ،
بۇ ئىشقا سوقىدۇ يۈرىكىم مېنىڭ .
ئەل ئۈچۈن تاغ تۈزلەپ ، دېڭىز تىندۇرسام .
بىر ئۆمۈر تالمايدۇ بىلىكىم مېنىڭ .

※ ※ ※

بەزىلەر هېچ ئىشنى بىلەلمەس ئىكەن ،
بىلگەننى ئۆچەكەپ كۆرەلمەس ئىكەن .
ناۋادا « مەرهەمەت ، قېنى كەل ! » دېسە ،
بىر قەدەم ئالغىمۇ يۈرەلمەس ئىكەن .

※ ※ ※

تۇتى قۇش ئۆزگىنى دوراشقا ئۇستا ،
گۇمانخور سۆزلىگىنى بۇراشقا ئۇستا .
بەزىلەر تۈلكىنى هەيران قالدۇرۇپ ،
يالغاننى راست قىلىپ ئوراشقا ئۇستا .

※ ※ ※

مەغرۇرلۇق كىشىگە چوڭ بىر توساقكەن ،
چۈشەندىم مەغرۇرلار قارا قورساقكەن .
« ھەممىنى بىلىمەن ! » دېگەن غوجامنىڭ
دېگىنى ئەسلىدە يالغان ـ ياساقكەن .

※ ※ ※

ئىلىمگە ئىشەنگىنىم بولماس گۇناھىم ،
يېمەيمەن شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن ۋايىم .
ئىلىم ـ پەن يېتەكلەر يورۇق دۇنياغا ،
بۇ يولدا ئېغىشماي ماڭىمەن دائىم .

※ ※ ※

ياشلىق ئاق قەغەزدۇر ئاڭا گۈللەر سىز ،
تەرىڭدىن خەلقىمگە شېرىن مېۋە تىز .
يۇقىلار دۇنيامۇ ، يوقىلار ھەممە ،
ياخشى نام جاھاندا ئۆچمەيدىغان ئىز .

※ ※ ※

رەھبەر سەن ھەر دائىم ئەلنى ھۆرمەت قىل ،
ئەلنى ھۆرمەت قىلىشنى دىلدا راھەت بىل .
ئەلگە كۆيۈپ ، ئەلنى سۆيۈپ ئۆمرۈڭ بويى ،
باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنى دائىم ئادەت قىل .

※ ※ ※

ھەر قاچان ھاياتنىڭ ئۈستۈندۇر ۋىجدان ،
ۋىجدان ئۈچۈن ھاياتنى قىلغۇلۇق قۇربان .

هايات ئۈچۈن ۋىجداننى بولغىغانلارنى ،
كىشىلەر دېيىشەر : نومۇسسىز هايۋان .

※ ※ ※

هەسەتخور قەلبىدە كۆپتۇر دەرد - پىراق ،
شۇڭلاشقا ئاراملىق ئۈنىڭدىن يىراق .
مەن دەيمەن هەسەت ئۈچۈن يارالغانلارنىڭ ،
بولغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى بالدۇرراق .

※ ※ ※

بۇ دۇنيا ئىنسانغا قونالغۇ - ئۆتەك ،
تىرىلىپ ، ئۆلۈشۈك ، دەقىقىغە تەك .
قالدۇرۇپ كېتەرسەن ئۆچمەس تۆھپىلەر ،
ۋاقىتنىڭ تىز گىننى چىڭ ئىگىلىسەڭ .

※ ※ ※

بەزىلەر ياسىشىپ قاپاقسىز باراڭ ،
ئەمەلنىڭ كويىدا بولۇشتى ساراڭ .
كۆز بوياپ چىققاندا ئۇلار تەختكە ،
ئاۋامنىڭ ئىچىدە ئولغايدى پاراڭ .

※ ※ ※

تۆت پەسىل ئالمىشار ئۆز رىتى بىلەن ،
ئاقىللار هۆرمەتلىك پەم ، دىتى بىلەن .
بەزىلەر ئەل ئۈچۈن جېنىدىن كەچسە ،
بەزىلەر جان باقار نام ، ئىتى بىلەن .

※ ※ ※

بەزىلەر پۇل دېسە ۋىجدان ساتىدۇ،
ئۇستىدىك ئۇچۇن ئابروي ھەم يۈزىن قاتىدۇ.
مەنپەئەتنى كۆرگەندە بەئەينى مەخلۇق،
ھەممىدىن بۇرۇن ئۇ، ئۆزىنى ئاتىدۇ.

※ ※ ※

ياشلىقتا ئۆگەنگىن، ئۇزۇپ چىققىن ئوت،
ۋە لېكىن كەمتەر بول قوچقانىسىرى قۇت.
بىلگىنىم تېخى ئاز، دېگەن ئۇلۇغ سۆز.
ئۇنۇتما بۇ سۆزنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

※ ※ ※

چەڭگاھتا باتۇرلار تۆكسە قېنىنى،
قاچاقلار پەش تارتتى ئاياپ جېنىنى.
شېھىتلەر قېنىدىن كەلدى بىر سوئال،
قانداقچە يېگەنسەن ئەلنىڭ نېنىنى؟

※ ※ ※

دەرىجە، ئەمىلىڭ ئۆسسىمۇ تېزدىن،
پەش تارتىپ سەپەردە قاچمىغىن بىزدىن.
ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك دېگەن بۇ ماقال،
چىقمىسۇن ھەر ۋاقىت ھەرگىز ئېسىڭدىن.

※ ※ ※

ئەل ئۇچۇن بىر ئۆمۈر قىلساڭمۇ خىزمەت،
تۆھپەڭنى پەش قىلىپ، قىلمىغىن مىننەت.

پەيت كەلسە ئېلىڭ ئۈچۈن جېنىڭنى ئاتاش ،
ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچۇڭدۇر پەقەت .

※ ※ ※

سۆزلىسەڭ ھەقنى ھەق ، يالغاننى يالغان ،
ئەل ساڭا ھەر زامان بولىدۇ قالقان .
يالغانغا ھەل بەرسەڭ زىغىر دەككىنە ،
خەلقىنىڭ نەزەرىدە بولىسەن تالقان .

※ ※ ※

ئۆزگىرىپ تۇرسىمۇ تۇرمۇشنىڭ پەسلى ،
ۋىجدانلىق ياشىغىن ئىنسانىنىڭ نەسلى .
مۇشەققەت ئالدىدا تۆكمە ھەرگىز ياش ،
چىن ئىنسان ياشايدۇ ئاشۇنداق ئەسلى .

※ ※ ※

نامەردنىڭ ئىشى ئۇ ، ئۆملەپ مېڭىش ،
ئىللەتنى باشقىغا ئىتتىرىش ، تېڭىش .
پايدىنى كۆرگەندە دوستىنى پۇتلاپ ،
ئورەككە يىقىتىپ ، ئۆزى نەپ ئېلىش .

※ ※ ※

تامغىنى ئاقىلغا تۇتقۇزغىنىڭ ،
ئېلىڭنى ئاپەتتىن قۇتقۇزغىنىڭ .
تاجىنى نادانغا كىيگۈزگىنىڭ ،
ئامەتنى بىر يولى كەتكۈزگىنىڭ .

※ ※ ※

بۇ ئەلدە باراۋەر بولغاچ ھەر مىللەت ،
ئۆتۈشتى ئۆزئارا قىلىشىپ ھۆرمەت .
شادلىق ھەم قايغۇدا يۇغۇرۇلغان دوستلۇق ،
دىللارغا ئورناتتى ئۆچمەس مۇھەببەت .

※ ※ ※

ئىسلاھات ئەۋجىدە ئۆزگەردى زامان ،
ئاۋامنىڭ چېھرىدە شادلىق نامايان .
نى كۆڭلەر كۆرەتتۇق مۇشۇ كەمگىچە ،
چېقىلماي كەلگەن بولسا داشقازان .

※ ※ ※

ياخشىلىق قىلغانلار ئۆتەر دىلئارام ،
يامانىنىڭ ھەر زامان كۆڭلى بىئارام .
ساۋابلىق ئىش قىل دەپ ئېيتقىنىڭ دۇرۇس ،
ئاجىزنى قاقشىتىپ يېگىنىڭ ھارام .

※ ※ ※

ھەسەتخور كۆڭلىگە تولغانچە ھەۋەس ،
شەيتان ھەم خوشلۇقتىن قىلىدۇ ۋەس - ۋەس .
شەيتاننى ھەرگىزمۇ دورىما دوستۇم ،
بۇ جاھان ئىنسانغا بەش كۈنلۈكلا بەس !

※ ※ ※

بەرسەڭمۇ سۆزۈڭگە ئىماندىن پەرداز ،
مەنپەئەت ئالدىدا قانائىتىڭ ئاز .

كەتمەنگە ئەزەلدىن يوق سەندە ھەۋەس ،
داستىخان بېشىدا ئولتۇرۇشۇڭ ساز .

※ ※ ※

قۇرئاندىن سۈرىلەر ئوقۇيسەن تىنماي ،
ئۆزۈڭچە پەتىۋا توقۇيسەن تىنماي .
شۇ بالا نەپسىڭ ئۈچۈن ئىمانىنى سېتىپ ،
ئاۋامنىڭ رىزقىنى چوقۇيسەن تىنماي .

※ ※ ※

بەش كۈنلۈك ھايات بۇ ، ئۆمۈر ئۆتىدۇ ،
ھەر كىشى تارىخىن ئۆزى پۈتىدۇ .
قارىغىن ئالدىڭغا تۆھپە ، شان - شەرەپ ،
زارىقىپ يولۇڭغا سېنى كۈتىدۇ .

※ ※ ※

گەپ - سۆزۈڭ بولغانچە سىلىق - سىپايە ،
ئۆز تۇرماق ، ئۆزگىمۇ قىلار ھىمايە .
ئەكسىچە قوپاللىق قىلساڭ سۆزۈڭدە ،
شەنىڭگە ياغىدۇ لەنەت ، كىنايە .

※ ※ ※

ھەيرانمەن ھىجىيىپ قاراشلىرىڭغا ،
لەۋزىمنى شاتۇتتەك دوراشلىرىڭغا .
ئالدىمدا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ سادىق ،
ئارقامدىن سۆزۈمنى بۇراشلىرىڭغا .

※ ※ ※

ئىشلىسەم بىر مەزگىل جاھانغا بېقىپ ،
ماختالدىم قىلغىنىم باشلىققا يېقىپ .
سايلامدا بىر دىنلا چۈشكەچ جىق بېلەت ،
شۇ ۋەجىدىن سانالدىم باشلىققا رەقىپ .

※ ※ ※

سەپ سالسام ھۆسنۈڭگە ناتىۋان قىزچاق ،
سۇرىتۇاپسەن يۈزۈڭگە ئۇپىنى ئاپئاق .
قەلبىمدە تۇغۇلدى شۇنداق بىر سوئال ،
ئەي جانان كۆڭلۈڭمۇ ئاقمىدۇ شۇنداق ؟

※ ※ ※

كاللار ئىشلەركەن ساپاننى تارتىپ ،
تۆگىلەر سەپەردە ، يۈكنى ئارتىپ .
ئوغلانلار ئەل ئۈچۈن قان كەچسە جەڭدە ،
قاچاقلار يۈرەركەن پىشنى تارتىپ .

※ ※ ※

ھەر قېتىم كۆرۈشسەم دوستۇم سەن بىلەن ،
دوستلىرىڭ ئۈستىدىن زارلاپ يۈرۈيسەن .
دىلىڭدىن ياغلىما سۆزنى ياقتۇرۇپ ،
دېغىڭنى كۆرسەتسە خارلاپ يۈرۈيسەن .

※ ※ ※

ئەي جانان ئاناڭنى خارلىما مۇنداق ،
يۈك بولدى ماڭا دەپ زارلىما مۇنداق .

ئاناڭنىڭ بۆگۈنى سىنىڭ ئەتەڭدۇر ،
يامانلىق يولىنى بويلىما مۇنداق .

※ ※ ※

ئادەمسەن ، خىسلەتكە تولغىنىڭ ياخشى ،
دوستلارغا ئاق كۆڭۈل بولغىنىڭ ياخشى .
خەمەكلىك پىلەكنى ئەيلىگىن پەرۋىش ،
ئۈنسە گەر شۇمبۇيا ، يۇلغىنىڭ ياخشى .

※ ※ ※

ئەي بوۋا قارىساق باشلىرىڭ ئاپئاق ،
يەتمىشتىن ئېشىپتۇ يېشىڭ سانىساق .
ھۆرمەتتە ھاياتلىق دەپتىرىڭ كۆرسەك ،
ئاق پېتى تۇرۇپتۇ خېلى جىق ۋاراق .

※ ※ ※

بەزىلەر ئاجىزنىڭ ئالدىدا يامان ،
ھۆركىرەپ ، ھوميىپ سورايدۇ جاھان .
مۇتەھەممىنىڭ ئالدىدا بەئەينى بەزگەك ،
بولىدۇ تاتىرىپ ، چىرايى سامان .

※ ※ ※

بەزىلەر قوينىدا ساقلايدۇ خەنجەر ،
ئۇلاردىن ھەر نەپەس ئەيلىگىن ھەزەر .
دوست بىلىپ سىر بەرسەڭ ئاڭا ناۋادا ،
ئېشىڭغا بىر كۈنى سالىدۇ زەھەر .

※ ※ ※

ۋاقىتنى قەدىرلەر ئەقىللىق كىشى ،
يۈرۈشەر شۇڭلاشقا قىلغان ھەر ئىشى .
ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ،
ئاغرىقتىن بىر ئۆمۈر قۇتۇلماس بېشى .

※ ※ ※

ئەي جانان ، ئورۇنسىز خۇيلىما مۇنداق ، ھەرگىز
مېنىڭلا توغرا دەپ ئويلىما مۇنداق ، ھەرگىز
كىشىلىك تۇرمۇش بىل نازۇك تارازا ، ھەرگىز
يامانلىق يولىنى بويلىما مۇنداق ، ھەرگىز .

※ ※ ※

كەلگۈسى توغرۇلۇق قىلىشساق غۇلغۇلا ،
چىققۇم بار دېدىڭ سەن مارسقا ئۇدۇل .
خىيالەن مارسقا قانداق چىقارسەن ،
سالماستىن ئۇنىڭغا ئىلىم - پەندىن ئۇل .

※ ※ ※

دانالار دەيدىكەن ، ئۆمۈر ئاتقان ئوق !
ئاتقان ئوق ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلگەن يوق .
قەدىرلەپ ئۆتكۈزسەڭ مىنۇت - سېكۇنتنى ،
تۆھپىلەر بابىدا ئۆتەر كۆڭلۈڭ توق .

※ ※ ※

بەزىلەر ماڭىدۇ ئېرىشىپ سەپكە ،
قۇلاق سېلىپ ھەر ياقتىن قىلىنغان گەپكە .

ۋە لېكىن ئايرىماس قايسى قارا ، ئاق ،
پەقەتلا كۆزلىرى تىنكىلگەن نەپكە .

※ ※ ※

مەرتىۋەڭ ئۆسكەنچە پۇرسىتىڭ كېلىپ ،
غادايما سەن ئۇنى ئامىتىڭ بىلىپ .
ئەمەل ۋە ھوقۇقنى بەرگەن خالايىق ،
كۆڭلىگە ياقمىساڭ تاشلايدۇ ئېلىپ .

※ ※ ※

نادانلار سەھنىدە سۆزلىسە نۇتۇق ،
تۇيۇلدى ئاۋامغا مەزمۇنى تۇتۇق .
دانالار پەگاھتا ئولتۇرغىنى بىلەن
قازاندى خىسلەتتىن بىھساب ئۇتۇق .

※ ※ ※

كېتەي دەپ ، ياخشىكەن چەت ئەل دېگەن جاي ،
بار ئىكەن ئۇ يەردە كاتتا ، كاتتا باي .
قىزىرىپ كۆزلىرىم ، كەتكەنتىم يۇرتتىن ،
ئاقىۋەت پۇشمانغا قالدىم مەن تالاي .

※ ※ ※

ئۆمۈردۇر تاڭدىكى چېقىلغان چاقماق ،
ۋاجىپتۇر پۇرسەتنى قولدا چىڭ تۇتماق .
بۈگۈنكى ئىشىڭنى ئەتىگە قويساڭ ،
دېيىشەر ئەل سېنى ھەقىقىي ئەخمەق .

※ ※ ※

رازىمەن ئەجرىمدىن تامچىسا شەربەت ،
خوش بولۇر كۆڭلۈممۇ ئۈنىڭدىن قەۋەت .
ۋەتەنىنىڭ ئىشى ئۈچۈن جىسمىم خاك بولسا ،
ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىمەن ئەبەد .

※ ※ ※

يېشىلمەي تۇرۇپلا تۈندە مەستلىكىڭ ،
قوزغالدى تاڭ بىلەن تەڭلا پەسلىكىڭ .
ئۆتەرمۇ ياشلىقىڭ لەنەت ئىچىدە ،
قەدەمدە جىسمىڭدىن تېمىپ نەسلىكىڭ .

※ ※ ※

ماڭغاندا ئاگاھ بول ئوڭ - سول يېنىڭغا ،
بىخەستە شۇم ئەجەل پاتار جېنىڭغا .
دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئەتمىسەڭ ،
پۇشايمان قاچىسى تولار قېنىڭغا .

※ ※ ※

بىر دوستۇم سورۇندا ماختاپ ئۆزىنى ،
ئاۋۇتتى دېمەكچى بولغان سۆزىنى .
ھۆرمەتىنىڭ ئورنىغا ئالغىنى نەپرەت ،
دوستلىرىڭ ئالدىدا تۆكتى يۈزىنى .

※ ※ ※

نۇتۇق سۆزلىدىم قولۇمدا شاراب ،
كەتتى ئاۋازىم ئەتراپقا تاراپ .

چىقتى رومكىدىن شۇنداق بىر سادا ،
ماختانما يىگىت ئانچە ئالدىراپ .

※ ※ ※

جاھان شادلىقى ، غۇرۇرى دېھقان ،
دېھقان ئەجرىدىن جاھان گۈلىستان .
دېھقان تۆكمىسە مېھنەت تەرىنى ،
بولغۇسى ئاخىر ئىقلىم گۆرىستان .

※ ※ ※

مېھنەت تەرىدىن نان يېگەن كىشى ،
ئۆزگە مىننىتىدىن ئازاد ياز - قىشى .
ئەجرى بەدىلىگە ياشار سۇلتاندەك ،
ئەلنىڭ ئالدىدا ئېگىز ھەم بېشى .

※ ※ ※

ئەتىگە قويسا بۇگۈنكى ئىشنى ،
دېھقان دېمىگىن بۇنداق كىشىنى .
باھاردا مۈگىدەپ يۈرگەن نادانلار ،
خامان ئالغاندا قاشلار بېشىنى .

※ ※ ※

ھالال ئىشلىگەن سۈرەر پاراغەت ،
جاپادىن قورققان كۆرمەس ھالاۋەت .
قولى تۇرۇقلۇق خەققە قول سوزۇش ،
ئىززەت - ھۆرمىتىن تۆككەن ھاماقەت .

※ ※ ※

بەزىلەر پايدا ئۈچۈن دوستىدىن كېچەر ،
ھەتتاكى قېنىنى سۈمۈرۈپ ئىچەر .
تاشقا ـ تاش ئۇرۇلۇپ چاچرىغان ئۇچقۇن ،
قانچىلىك ماختانسۇن ، بەرىبىر ئۆچەر .

※ ※ ※

تۆھپىكار ئىنساننىڭ بولار قىممىتى ،
شۇڭلاشقا يۈكسەكتۇر ئۇنىڭ ھۆرمىتى .
بىل دوستۇم شۇ يۈكسەك ھۆرمەت ، قىممەتنى ،
ياراتقان ئەسلىدە خالىس خىزمىتى .

※ ※ ※

ھوشۇڭنى بىلسەڭ گەر ھەر بىر قەدەمدە ،
كېلەلمەس يېنىڭغا شۇملۇق شۇ دەمدە .
پۇشايمان قاچىسى چۈشمەس قولۇڭدىن ،
ناۋادا ئۆمرۈڭ ئۆتسە بىھۇدە .

※ ※ ※

كۆچەتنى پۇتىساڭ نوتا چېغىدىن ،
مېۋىلەر ئالار سەن ھەر بىر شېخىدىن .
پەرۋىشسىز قالدۇرساڭ بېغىڭنى كېيىن ،
ئۆرتىلەر ۋۇجۇدۇڭ ھەسرەت دېغىدىن .

※ ※ ※

كىمكى ئىزدىنىپ ئۆگەنسە ھۈنەر ،
تىلسىملار سىرىنى ئاچار مۇقەررەر .

نادان كۆچ بٮلەن تاغ تۆزلٮسمۇ ،
يېڭٮلگٮنٮدٮن ئۆتەر بٮخەۋەر .

※ ※ ※

قۇتلۇقلاپ ياخشٮنى كۆيلٮسەم دٮلدٮن ،
ھەسەتخور ئۆۋەننى ئٮزدٮدى قٮلدٮن .
تۆھمەتلەر تٮشٮنى ئاتتى يامغۇردەك ،
تۆمەن خٮل پٮتنٮلەر توقۇپ تٮلدٮن .

※ ※ ※

سورۇندا پەيداكى قاچاندۇر نادان ،
دانالار ئۆستٮدٮن قٮلٮشار گۇمان .
ئٮشەكنٮڭ دەستٮدٮن زٮددٮدۇر دەرەخ ،
تۆگٮمەس كۆشەندە ، بۇ شۇنداق جاھان .

※ ※ ※

سۇ ئاقار ئٮرٮقتا ئۇلٮشٮپ تۇتاش ،
چٮن دوستلار سەپەردە ئۆزئارا يولداش .
مۇشكۇلات تاغلٮرى يوقتۇر داڭگالچە ،
ھەر مٮللەت بٮر مەقسەت بولسا ئۇيۇلتاش .

※ ※ ※

خەلقنٮڭ ماختٮسا تۆھپەڭگە قاراپ ،
تەكەببۇرلٮشٮپ ئۇرما ھەرگٮز لاپ .
خەلقتۇر بٮلسەڭ بٮر ئۇلۇغ ئٮقٮن ،
ئٮشلە ئۆزۈڭنى بٮر تامچە ساناپ .

※ ※ ※

تەختكە چىقساڭ ئەمەلدار بولۇپ ،
ئۇنۇتما ئېلىڭنى ، شادلىققا تولۇپ .
ئېگىز شەمشاتنىڭ يىلتىزى تۇپراقتا ،
ئىشلە خەلقىڭنىڭ خىزمەتكارى بوپ .

※ ※ ※

بويۇڭنى پىل ساناپ ، كۈچۈڭنى ھەم شىر ،
ئەلنىڭ ئالدىدا كۆرسەتمە كېبىر .
تۆگىنى بۇرنىدىن يېتەكلەپ مېڭىش ،
ئاۋام قوللانغان ئاددىيلا تەدبىر .

※ ※ ※

خەلققە پايدام تەگمىگەن كۈننى ،
ئۆمرۈم ھېسابىغا قوشمايمەن ئۇنى .
ئالجىغان كۈنۈم قوغلاڭلار سەپتىن ،
نېرۋام ساق چاغدا جاكارلاي شۇنى .

※ ※ ※

شانۇ - شەۋكەت تىك قىيادا بولسا گەر ،
ئىزدە ئۇنى بولسىمۇ گەر كۆپ خەتەر .
گەر بالالار توسسىمۇ يولۇڭنى ،
ئىككىلەنمەي يۈزمۇ يۈز تۇر بۇرادەر .

1990 — 1994 - يىللار

# سادا

( چاتما )

مۇقەددىمە

خەلقنىڭ ماختىسا تۆھپەڭگە قاراپ ،
تەكەببۇرلىشىپ ئاتما ھەرگىز لاپ .
خەلقتۇر بىلسەڭ بىر ئۇلۇغ ئىقىن ،
ئىشلە ئۆزۈڭنى بىر تامچە ساناپ .

يېشىل چىراغ ياقسىكەن

قىزىل چىراغ يانغاندا ،
توختاپ قالدۇق مىڭىشتىن .
يېشىل چىراغ يېنىۋىدى ،
ئۆتتۇق كەتتۇق دوقمۇشتىن .

ئورگاندىكى ئىشلارمۇ ،
رېئاللىققا باقسىكەن .
بېجىرىشتە ئىشنى دەل ،
يېشىل چىراغ ياقسىكەن .

### ئۆزگىرىش

ماختىنغاندا تۆھپەڭنى تىزىپ ،
گۈلدەك كۈلۈپ يايراپلا كەتتىڭ .
ئىللىتىڭنى ئەسكەرتكىنىدە ،
باتناپ خەقنى تىللاپلا كەتتىڭ .

### ئۈنۈتما

ئىزدەپ كىرسەم خانەڭگە ،
ئۇلتۇرۇپسەن غادىيىپ .
كۆز ئەينىكىڭ قىرىدىن ،
قاراپ قويدۇڭ ئالىيىپ .

سالام بەرسەم ئەدەبتە ،
سەندىن ژۇۋان چىقمىدى .
بىلەلمىدىم ئەي باشلىق ،
قايسى يېرىم ياقمىدى .

تەلەتىڭدىن كۆردۈم مەن ،
ئارىغا ھاڭ قېزىپسەن .
ئۇنتۇپ ئاۋام پۇقرانى ،
ئەقلىڭدىنمۇ ئېزىپسەن .

تەنتەنىلىك سايلامدا ،
سايلىغاندا بىز سېنى .

« مەڭگۈ ئەلنىڭ چاكىرى
بولىمەن ! » دېگىنىڭ قېنى ؟

ئەل بولمىسا سەن نەدە ،
« چاكار » شۇنداق بولامدۇ .
پۇقرالارنى پەس كۆرۈپ ،
ئۆزى كۆكتە تۇرامدۇ ؟

ئۆزۈڭ بولساڭ گۈل تاجى ،
ئەلنى سانا يىلتىزى .
سەن دېمەككى تامچە سۇ ،
خەلق ئۇنىڭ دېڭىزى .

ئەقلىڭ بىلەن ئويلىغىن ،
ئۆتمۈشىڭنى ئۇنۇتما .
قالماي دېسەڭ ئازابقا ،
« شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما »

تۈگىنتەلمەي سۆزۈڭنى ،
چاي ئوتلىدىڭ قانچە رەت .
ئۈزۈلمەستىن ئالماشتى ،
تاماكاڭمۇ ھەر نۆۋەت .

كاتىپ يازسا ئۇزارتىپ ،
زىر - زەۋرلەپ دورىدىڭ .
يا ئۆزۈڭنىڭ قارىشى يوق ،
ئىناۋەتتە خورىدىڭ .

ئاۋازىڭمۇ پۈتمىدى ،
ئوقۇۋېرىپ نۇتۇقنى .
باھا بەرسەك دېكتورغا ،
سەن ئالاتتىڭ ئۇتۇقنى .

( بىلىپ تۇرۇپ كاتىپمۇ ،
شۇنداق ئۇزۇن يازامدۇ .
ياكى ئاشۇ نۇتۇقتا ،
ساڭا ئورا قازامدۇ ؟)

ئاددىي ساۋات سۆزۈڭنى ،
قىسقا قىلساڭ بولاتتى .

ئىشلىرىڭمۇ يۇرۇشۇپ ،
ئىناۋىتىڭ تولاتتى .

ئەقلىڭ بىلەن ئىش قىلغىن ،
باشلىق بولساڭ ئويلىنىپ .
پىكىر بەردىم چۈشەنمەي ،
قالما ھەرگىز خۇيلىنىپ .

### ئىش بېجىرگىن ئىنساپتا

ئاڭلاۋېرىپ زېرىكتىم ،
« ئويلىشايلى » دېگەندىن .
« رەھمەت ! » دەپلا بەرگەننى ،
پۇۋلىمەيلا يېگەندىن .

بىلمىدىم پەقەت نەپلا كەن ،
« ئويلىشايلى » دېگىنىڭ .
بىلسەڭ ھارام نەرسىدۇر ،
سېنىڭ تىلەپ يېگىنىڭ .

باشلىق بولساڭ لىللا بول ،
ئەلگە ياقسۇن قىلغىنىڭ .
ئىش بېجىرسەڭ ئىنساپتا ،
ھەقىقەتنى بىلگىنىڭ .

## توۋا دېدىم

بىر دوستۇم بار ئارخىپىغا يېزىپتۇ ،
كىچىكلىتىپ ، ئۆتۈپ كەتكەن يېشىنى .
ھەر كۈنلۈكى ئەينەك بىلەن بىرلىشىپ ،
ئوتايدىكەن ئاق سانچىغان بېشىنى .

ماختىناركەن ئۇچرىغانلا كىشىگە ،
« بولالايمەن ياشارتىشنىڭ دۈيشىگى »
ياش يوشۇرۇپ ، پۇرسەت كۈتۈپ يېتىشقا ،
يول قويامدۇ ھاياتلىقنىڭ پېشىگى .

توۋا دېدىم ئۇنىڭ تاپقان ئەقلىگە ،
بارمۇ شۇنداق ئاقنى يۇلۇپ ياشارغان .
ئۆتكەزسە ئۇ ، ئۆمرىنى ئاشۇنداق ،
چەكمەسمىدۇ ئاقىۋەتتە پۇشايمان .

## تەسرات

يۈرىكىمدە بېھساب تۇيغۇ ،
ئۇنتۇلماسكەن ياخشىلىق ھامان .
ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن ،
جاۋاب بېرەر ئۇشبۇ زامان .

## ئەل رايى

باشلىق بولسا ئادىل بولسا ،
يانتاق كەبى شاخلىمىسا .
ئاجىزلىقىن ئېيتىپ بەرسە ،
پۇتى كۆيگەندەك تاقلىمىسا .

باشلىق بولسا راستچىل بولسا ،
ئاجىزلىقىن ئاقلىمىسا .
پىكىر بەرسە قوبۇل قىلسا ،
ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىمىسا .

باشلىق بولسا دادىل بولسا ،
مۇشكۇلاتتىن قورقمىسا .
باشقىلار شان ـ شەرەپ قۇچسا ،
ئىچى ئۇنىڭ تورۇقمىسا .

باشلىق بولسا پاك دىل بولسا ،
شەخسىيەتتىن خالىي بولسا .
بارلىقىنى ئاتاپ ئەلگە ،
مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلسا .

## ھەزەر ئەيلەك چېقىمچىدىن

چېقىمچىلار ، خۇشامەتچىلەر ،
خاراب قىلۇر ئىتتىپاقلىقنى .

ئۆچ ـ ئاداۋەت ئۇرۇقىن چېچىپ،
بۇزار خەلق ئىناقلىقىنى.

ياخشىلارغا بەرمەيدۇ ئىمكان،
تۇگەشتۇرەر غاجىغان پىتى.
قىلنى پىلدەك قىلىپ كۆرسىتىپ،
سوكۇلدىتار خۇشامەت ئىتى.

دەستەك قىلىپ شېرىن سۆزلەرنى،
ئېزىقتۇرار «نادان» باشلىقنى.
باشلىقمۇ ھەم يۇمۇپ كۆزىنى،
خازان قىلار گۈلدەك ياشلىقنى.

باشلىق دېگەن بىلىشى كېرەك،
قايسىسى سۆگەك، قايسىسى يىلىكنى.
دەۋىتىم شۇ ئوقۇپ كۆرسىكەن،
بىرەر قېتىم «قۇتادغۇ بىلىكنى.»
تۇگىتەيلى چېقىمچى ئاتلىق،
شۇ نىجىسنى ئەلنىڭ ئىچىدىن.
ئەقىل بىلەن قىلايلى ئىشنى.
ھەزەر ئەيلەپ خۇشامەتچىدىن.

ئاخىرقى پارالا

ئويغان دوستۇم، ئويغان بۇرادەر،
ئويغانماقتا بۇگۇن ھەممە يەر.

يېگىلاندى دەۋرمۇ مانا،
ئەتراپىڭغا تاشلا كەڭ نەزەر.

كۆزۈڭنى ئاچ غەپلەت ئۇيقۇدىن،
ئىش باشلىغىن ئەمدى تاڭ سەھەر.
ئاتلانمىساڭ تېز قەدەم بىلەن،
كۈتۈپ تۇرماس سېنى چوڭ سەپەر.

1994 ـ يىل مارت، قۇمۇل.

## پارچىلار

1

ئىشنىڭ بېشى تا ئەزەلدىن ئىجىل ـ ئىناق ،
ئەمەل قىلغىن بۇ نۇقتىغا باشتىن ـ ئاياغ .
« ئىش ئۆملۈكتە ، كۈچ بىرلىكتە » تۇت ئېسىڭدە ،
شۇ چاغدىلا ئىلگىرىلەيسەن تېپىپ روناق .

2

چىن دىلىڭدىن ئەل ئىشىغا كۆيۈنگىن سەن ،
ئەل ئىشىنى شەرەپ بىلىپ سۆيۈنگىن سەن .
« ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق » بىلسەڭ ئەگەر ،
كۆپچىلىكنىڭ توپىسىغا كۆمۈلگىن سەن .

3

قۇچساڭ ئەگەر شانو ـ زەپەر سۆزلە « بىز » نى ،
ئۆلچەم قىلغىن ئۆزۈڭگە ھەر ئىشتا « تېز » نى .
ھاياتلىقتا پەزىلەتنىڭ گۈلىنى تېرىپ ،
ئەۋلادلارغا ئۆچمەس قىلىپ قالدۇر ئىزنى .

4

كۆزۈڭ ئېچىپ ۋەزىيەتكە سالغىن نەزەر ،
نىشان بويلاپ يۈكسەلمەكتە ئۇزۇن سەپەر ،
قىزغانچۇقلۇق يىگىت ئۈچۈن ئۇيات ـ نومۇس ،
پۈتلىكاشاڭ بولۇشتىن سەن ئەيلە ھەزەر .

5

تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت قىلما ھەۋەس ،
ماختىنىشتىن ھەممە ۋاقىت ئەيلە پەخەس .

نەتىجەڭنى دېڭىزدىكى تامچە بىلىپ ،
بارلىقىڭنى ئەلگە ئاتاپ ئىشلە پەۋەس .

1984 ـ يىل ئىيۇن ، شىخو .

责任编辑:巴力江.札帕尔
封面设计:帕尔哈提.依布拉音
责任校对:海日尼沙·阿斯木

爱 之 星(维吾尔文)
(诗集)
乃买提.纳斯尔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
乌鲁木齐县第二印刷厂印刷
787×1092毫米 32开本 4.25印张 2插页
1998年4月第1版 1998年4月第1次印刷
印数:1——3000

ISBN7-228-04591-2/I·1710 定价:7.50元

ISBN 7-228-04591-2

ISBN 7 - 228 - 04591 - 2
I. 1710(民文)定价: 7. 50 元